# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1

1994

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1994-يىل 1-سان

(ئومۇمىي 67-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


## ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1993 - يىللىق 21-ۋە 22-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

مۇندەرىجە


ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارى ................................................ (2)

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش بويىچە دوكلات يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ................................ جياڭ زېمىن(5)

ۋۇچاڭ، شېنجېن، جۇخەي، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا قىلىنغان سۆزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ................................................ دېڭ شياۋپىڭ(16)

شەھەر-يېزىلارنىڭ ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرالغۇ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى ................................ خۇجيې(35)

ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ................................................ چېڭ ۋېيگاۋ(42)


☆1-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى☆


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتاخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# جكپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارى

(1993-يىل 11-ئاينىڭ 2-كۈنى)

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. بۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش.

بۇ تاللانمىغا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1982-يىلى 9-ئايدىكى پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ 1992-يىلى باھاردا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەنگىچە بولغان مەزگىلدىكى مۇھىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئون يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان 2-توم (1975 — 1982-يىللىرى) دىكى ئەسەرلەر بىلەن ئۇلىشىدۇ، ئۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى مول تەجرىبىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى يەكۈنى، شۇنداقلا بىزنى داۋاملىق غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئىلمىي قىبلىنامە. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا: پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرايلى، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دەرسلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك قورال ھازىرلاپ بەردى. ھازىرقى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ ئىجادچىسى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتە، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم؛ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈم ۋە " بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم؛ پۇرسەتنى ئىگىلەپ ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، "ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش" زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇش ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم؛ بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى، بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى، بىر قولدائىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى، يەنە بىر قولدا چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشنى تۇتۇش قاتارلىق "ئىككى قولداتۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش"تىن ئىبارەت بىر قاتار ئاساسىي فاڭجېنلارنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم؛ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، مىللىي غۇرۇر ۋە ئىشەنچنى جارى قىلدۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى، نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسى، ئىجاد قىلىش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشىمىز، ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا ھۆرمەت قىلىپ، كۆكسى-قارنىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قاراپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتە، پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئەسلى ئەسەرنى تازا كۆچ سەرپ قىلىپ ئەستايىدىل قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگەللەپ، نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشنى ۋە سىياسىي سەۋىيىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقنى، قەتئىيلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، خەلق ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىشلىتىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىزمەتتىكى پرىنسىپاللىق، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە

www.uyghurkitap.com

ئىجادچانلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ھازىردىن باشلاپ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشىنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئۆگىنىشكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت ئۆلكە ۋە مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قارار بويىچە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىمۇ بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇشى ھەمدە پىلانلىق ھالدا ناھىيە(تۇەن) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلارنى نۆۋەت بويىچە تەربىيىلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەكتىپى سىستېمىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىدە، مەركىزىي كومىتېت قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات، تەشكىلات تارماقلىرى بىپەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىشنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۇپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەملىكىتىمىزنى قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ياقۇپ مۇھەممەتروزى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر**

# «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش بويىچە دوكلات يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

(1993-يىل 11-ئاينىڭ 2-كۈنى)

جياڭ زېمىن

يولداشلار:

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇندىن بېرى تەقەززا بولۇپ كەلگەن «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشردىن چىقىپ پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. مەركىزىي كومىتېت مەخسۇس «‹دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما›نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى، ئۆلكە ۋە مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىنى ئاچتى، بۈگۈن يەنە بۇ دوكلات يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەلىپى بويىچە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى، بولۇپمۇ ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى تەشكىللەپ، قارارنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ چوڭ ئىشنى ئوبدان تۇتۇشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنى

ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى زور تەدبىر، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پۈتۈن پارتىيىدە14-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش دولقۇنى مەملىكەت بويىچە كۆتۈرۈلمەكتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەر خىل ئىسلاھاتلار ئەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بارماقتا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەم تېز، ھەم ياخشى رەۋىشتە ساغلام تەرەققىي قىلماقتا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى. ئىلگىرىلەش داۋامىدا يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى زىددىيەتلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنىڭ نەشر قىلىنىشى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كادىرلارۋە خەلقنى تەربىيىلەپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى پائال، ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دەرسلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك قورال ھازىرلاپ بەردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما ئىلگىرىكى يىللاردا ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغانىدى، يەنى 1- تومى 1938-يىلدىن 1965-يىلغىچە بولۇپ، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيىمىزنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى مەزگىلىدىكى ئەسەرلىرىدۇر.2-تومى 1975-يىلدىن 1982-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينىدىن تارتىپ 12-قۇرۇلتايغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئەسەرلىرى، جۈملىدىن پارتىيىمىز يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشنى ئورۇنلىغان ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە قەدەم تاشلىغان باسقۇچتىكى ئەسەرلىرىدۇر. ھازىر نەشر قىلىنغان 3-توم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1982- 1992-يىللاردىكى مۇھىم ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى، ئىلگىرى ئېلان قىلىنغانلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسىگە ئەينى ۋاقىتتىكى خاتىرىگە ئاساسەن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. 1982-يىلدىن بۇيانقى 10يىل پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش - ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت ياراتقان 10يىل، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن، ئىلگىرىلىگەن، ئۈزلۈكسىز تەجرىبە توپلىغان 10يىل، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچىدىكى بوران-چاپقۇنلارنى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن 10يىل بولدى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومى

مۇشۇ 10يىلدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى مول تەجرىبىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى يەكۈنى، شۇنداقلا بىزنى داۋاملىق غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئىلمىي قىبلىنامە. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئۈچ تومى بىر پۈتۈن گەۋدە. بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان 3-توم بىلەن 10يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان 2-تومغا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش داۋامىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئۆزگىچە ئىجادىيلىققا ئىگە ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ مەۋقەيىۋى ئاساسى — پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ يېپيېڭى ئەمەلىيىتى، ئۇنىڭ شانلىق قىممىتى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدە ئىسپاتلاندى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلانغۇسى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ روشەن دەۋر روھى ۋە مىللىي روھقا تولغان، ئۇنىڭدا ماركسىزم ھەقىقىتىنىڭ شانلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ.

نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ پىشىپ يېتىلىشى پارتىيىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 15يىلدىن بېرى، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ نەتىجىسى شۇكى، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياراتتى. بۇ نەزەرىيە جۇڭگودەك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بىرقاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بەردى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە يېڭى كۆزقاراش بىلەن ۋارىسلىق قىلدى ، ئۇنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، بۇ نەزەرىيە — ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شۇنداقلا زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى. يولداش ماۋ زېدۇڭ: ”ئىزىم بايراققا ئوخشاش“ دەپ كۆرسەتكەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىلا ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆزىنىڭ بايرىقىغا تەنتەنە بىلەن يازغانىدى. يەنئەن ئىستىل تۈزىتىشى ۋە پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيى ئارقىلىق يەنە ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىدىيە — ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ بايرىقىغا تەنتەنە بىلەن يازغان. پارتىيىمىز 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلاپ، 12-قۇرۇلتاي، 13-قۇرۇلتايدىن 14-قۇرۇلتايغىچە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ بايرىقىغا يەنە تەنتەنە بىلەن يازدى. بۇ - پارتىيىمىز غايەت زور بەدەل بېرىش ھېسابىغا ئېرىشكەن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي ئىجادىيىتىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزدىكى ئۇلۇغ بايراق، مىللىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە روناق تاپقۇزۇشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك. ھازىرقى جۇڭگودا بۇ

بايراق، بۇ مەنىۋى تۈۋرۈك بولىدىكەن، 50 مىليون پارتىيە ئەزاسىغا ئىگە چوڭ پارتىيىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولىدۇ، 1مىليارد 100 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلىتىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىققا ئىگە بولىدۇ. 15يىلدىن بېرى بىز مۇشۇ بايراقنى كۆتۈرگەنلىكىمىز، مۇشۇ مەنىۋى تۈۋرۈككە تايانغانلىقىمىز ئۈچۈن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت توغرا يولغا پۇختا قەدەم تاشلاپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىق بولىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. بىز مۇشۇ نەزەرىيە يېتەكلىگەن يۆنىلىش، يول ۋە "ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش"تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بويىچە تاكى كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىشلەۋەرسەكلا، دۇنيادىكى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان جۇڭگو چوقۇم دۇنيانىڭ شەرقىدە مەزمۇت قەد كۆتۈرىدۇ.

يولداشلار! يولداش دېڭ شياۋپىڭ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن "ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش"— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە سىڭگەن پۈتكۈل ئۇقتىسىنەزەرلەرنىڭ جەۋھىرى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز پۈتۈنلەي يېڭى ئىش، ئۇنى بىزدىن ئىلگىرىكىلەر قىلىپ باقمىغان، باشقا دۆلەتلەرمۇ قىلىپ باقمىغان. پۈتۈنلەي يېڭى ئىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەريانىدا بىز ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىشىمىز، ھەممە ئىشتا دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىنىشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىزنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم. بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەقىقەتنى سىنىشىمىز ۋە ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك، ماركسىزمنىڭ بەزى پرىنسىپلىرى، بەزى كىتابلىرى توغرىسىدىكى دوگما چۈشەنچىلىرىمىزنى، سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىلمىي بولمىغان ھەتتا بۇرمىلانغان تونۇشلىرىمىزنى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەن ناتوغرا ئىدىيىمىزنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز، ماركسىزمنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدىغان خاتا كۆز قاراشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، مەسىلىلەرنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيە بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىردەكلىككە ئىگە، ئىدىيىنى ئازاد قىلغاندىلا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەندىلا ئىدىيىنى

ھەقىقىي ئازاد قىلغىلى بولىدۇ. بىز تونۇشىمىزنى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا يارىشا ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىشىمىز لازىم. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە ھەرقانداق ۋاقىتتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرى مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەردى. بىز «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومىنى ئۆگەنگەندە مۇشۇ جەۋھەرنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز، مۇشۇ ماھىيەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدا قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن بىر ئاساسىي ئىدىيە شۇكى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، بىز چىڭ تۇرىدىغان سوتسىيالىزم ــ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم. بىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگىنىمىزدە شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلغاندا سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۈپ نەزەرىيىۋى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى-توقايلىق ۋە سەۋەنلىكلەر تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا مۇشۇ مەسىلىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىقىمىزدىن بولغان؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئىلگىرىلەش داۋامىدا دۇچ كەلگەن بەزى ئىككىلىنىش ۋە گاڭگىراشلارمۇ تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، مۇشۇ مەسىلىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىقىمىزدىن بولدى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومىدا مۇشۇ مۇھىم، تۈپ نەزەرىيە مەسىلىسى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلەنگەن، بىرقاتار خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر چۆرۈپ تاشلانغان، نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، تەرەققىياتنىڭ بەك ئاستا بولۇشىمۇ سوتسىيالىزم ئەمەس؛ تەڭ تەقسىماتچىلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشمۇ سوتسىيالىزم ئەمەس؛ قاتماللىق، بېكىنمىچىلىك سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆلۈك كۆچۈرۈپ كېلىشمۇ سوتسىيالىزمنى راۋاجلاندۇرالمايدۇ؛ دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ، قانۇن-تۈزۈم بولمىسىمۇ سوتسىيالىزم بولمايدۇ؛ ماددىي مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە سوتسىيالىزمنى ياخشى قۇرغىلى بولمايدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىسىمۇ سوتسىيالىزمنى ياخشى قۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشتىكى مەقسىتى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نىشانى، دۆلىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان خەلقئارا خىرىس ۋە پۇرسەت نۇقتىسىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ۋەزىپىلىرىنى، ستراتېگىيىلىك نىشان، ستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچ، ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى، ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلارنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق چوڭقۇر تەھلىل قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق "سوتسىيالىزمنىڭ

ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرقى ھېسابتا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش” ئىكەنلىكىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدۇق؛ بىز ئىسلاھاتنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس، باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرى ۋە تەقسىمات شەكىللىرىنى قوشۇمچە قىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدۇق؛ بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىدۇق؛ بىز ئىككى قولدا تۇتۇشنى، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومىنى ئۆگەنگەندە، بۇ مۇھىم ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئۆز يولىمىزغا مېڭىشىمىز كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سوتسىيالىزم بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىلمىي نەزەرىيە. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم: جۇڭگو نامرات دۆلەت، ئۇ نېمە ئۈچۈن دۇنيا كۆپ قۇتۇپلاشقان ۋەزىيەتتە بىر قۇتۇپلۇق ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرالايدۇ؟ چۈنكى جۇڭگو مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا چوڭ دۆلەت. نېمە ئۈچۈن بىز مۇستەقىل-ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا دېيىمىز؟ چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىمىز دەپ كۆرسەتكەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، چوقۇم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىمىز، ئۆزىمىزنى يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقىمىز، دۆلىتىمىزنى بېكىنمە دۆلەت قىلىپ قويماسلىقىمىز كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە چوقۇم مۇستەقىل- ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇش ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن. ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بىزدىن ئېغىر-بېسىق،

سالماق بولۇشنى، بىر تۇپ مەۋقەنى ئىگىلەشنى، يەنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى ئوبدان ئىشلەپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ — بىزنىڭ مىللىتىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيا ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز. بىز سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىمىز، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرىمىز، جۇڭگو مەڭگۇ زومىگەر بولمايدۇ، مەڭگۇ كېڭەيمىچىلىك قىلمايدۇ، ھەرقانداق شەكىلدىكى زوراۋانلىق سىياسىيسىغا ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "ھەرقانداق چەت ئەل جۇڭگونـــى ئۆزىگە يىقىندۇرىمەن دېمىسۇن، جۇڭگو ئۆز مەنپەئىتىگە زىيانلىق ئىشلارغا سۈكۈت قىلىدۇ، دەپ خام خىيال قىلمىسۇن" دەپ كۆرسىتىدۇ. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ يىڭى تومنى ئۆگەنگەندە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىشەنچ ۋە مىللىي ئىپتىخار توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلارنى، دۆلەت ھوقۇقىنى، ۋەتەننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلارنى، جۇڭگو تارىخى ئارقىلىق ياشلارنى، خەلقنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلارنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوڭراق تۆھپە قوشۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلارنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۇلۇغ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ. بىز بۇ خىل روھنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى قوغدىشىمىز، خۇراپاتلىققا ئىشەنمەي، بېسىمدىن ۋە تەھدىتتىن قورقماي، ئۇلۇغ مىللىتىمىزنى قەيسەرلىك بىلەن روناق تاپقۇزۇشىمىز كېرەك. جۇڭگونىڭ بايرىقى يىقىلمىسىلا، دۇنيادىكى ئاھالىنىڭ بەشتىن بىرقىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

يولداشلار! بىز «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىدىن شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ — ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ ئىجادچىسى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تارىخىي يېڭى دەۋردە ئۇنىڭ پارتىيىمىزنىڭ 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قوشقان ئەڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى زامانىمىزدىكى جۇڭگوغا ۋە دۇنياغا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتنى قايتىدىن دەۋر ئېقىمىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن

بېپىيىگى ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈپ بەرگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مەۋقەنى جۇڭگو زېمىنىغا قويۇپ ھەم دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۆلەت ئەھۋالى رېئاللىقىغا توغرا قاراپ ھەم كەلگۈسكە نەزەر سېلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر يۈرۈش تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە لايىھىلەپ چىقتى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا جاپاغا چىداپ بوشاشماي نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدىنىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ھازىرقى جۇڭگودا يېڭى مەنزىلگە كىرگۈزۈپ، يېڭى يۈكسەكلىككە يەتكۈزدى.

بىز «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىدىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتىلگەن روشەن ئىنقىلابىي خىسلىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئۇ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆتكۈر پىكىر قىلىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە ئاچقۇچىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇپ، ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەم دۇنيانىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلمەي، ھەمىشە جۇڭگونىڭ رېئاللىقى ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، يېڭى يول ئىزدىدى. ئۇ ئاممىغا ھۆرمەت قىلىپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، ھەر ۋاقىت ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، "خەلقنىڭ ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقى"، "خەلقنىڭ قوللاش-قوللىماسلىقى"، "خەلقنىڭ خۇشال بولۇش-بولماسلىقى"، "خەلقنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى "نى تۈرلۈك فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى ۋە نەتىجىسى قىلدى. ئۇ ئىرادىدە قەيسەر، ھەرىكەتتە كەسكىن بولۇپ، ھەمىشە پۈتۈن پارتىيىنىڭ "توغرا تاپقاننى دادىل سىناق قىلىش، دادىل ئىشلەش"نى، "توغرا بولغانلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، توغرا بولمىغانلىرىنى تېزدىن تۈزىتىپ، يېڭى مەسىلىلەر يۈز بېرىشىگىلا چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش"نى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، ئاجايىپ شىجائەتتى ۋە جاسارىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. ئۇ ئەدەبىي ئىستىلدا راستچىل، قۇرۇق گەپ قىلمايدۇ، ئېنىق، قىسقا بايانلىرىغا ھەمىشە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى سىڭدۈرىدۇ. ئۇ يىراقنى كۆزلەيدۇ، كۆكسى-قارنىنى كەڭ تۇتىدۇ. مەسىلىلەرنى ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر، جۈملىدىن ھەمىشە پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشىنى، ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىشىنى، ھەممە ئىشتا ئومۇمىيلىقنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار مۇشۇنداق ئىنقىلابىي خىسلەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ تولۇپ-تاشقان جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشى لازىم.

يولداشلار! «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولىقىدىكى 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى ئىشلارنى بەرپا قىلىش داۋامىدا توپلىغان ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى، ياراتقان ئاساسىي نەزەرىيىسىنى، شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش چوقۇم پۈتۈن پارتىيىمىزدىكى يولداشلارنى تېخىمۇ تولۇق ئىشەنچكە كېلىپ، 90-يىللاردىكى ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداپ، 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق ئىككى جۈملە سۆز بار: "ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ناھايىتى مۇھىم دەۋر بولىدۇ، بىز باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلىشىمىز كېرەك. ئۈستىمىزدىكى يۈك ئېغىر، مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ-دە!" دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئىككى جۈملە سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، بۇ كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلاردىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدى ۋە ئۇلارغا قىلغان سەممىي نەسىھىتى يىغىنچاقلانغان. بۇنداق تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىشتا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشىنى، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە دېگۈدەك يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى بىزنىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىقتىسادىي بىلىملەرنى ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ھارماي-تالماي كۆڭۈل قويۇپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىزنى، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىزنى تېخىمۇ تەلەپ قىلماقتا. بىزنىڭ بۇنداق چوڭ پارتىيە، چوڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ۋە سىياسىي سەۋىيىسى، پارتىيىنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى پارتىيىنىڭ تەقدىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتبىقلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېت مۇددەتكە بۆلۈپ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر، مەركىزىي كومىتېت ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېتلار، ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلىرىدىكى ئاساسىي مەسئۇل يولداشلارنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق قېتىرقىنىپ ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن تېخىمۇ ياخشى قوراللاندۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ چوڭقۇر ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆگىنىشنى جەزمەن ئەستايىدىل

ئۈزۈشتۈرۈش، رەھبەرلەر باشلامچى بولۇش كېرەك، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ئالدىراش دەپ ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆگىنىش داۋامىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ باغلاش كېرەك. بىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىزنى، قەتئىيلىكىمىزنى ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر پارتىيىمىزدە زور بىر تۈركۈم يولداشلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى پارچە-پۇرات ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق، قۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىگىلىۋالسا شۇنىڭدەك بۇ نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ چوڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلالايدىغان ۋە ھەل قىلالايدىغان بولسا، پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ.

نۆۋەتتە، پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر قاتار مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە؛ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلماقتا. مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپىلەر ئالدىدا پۈتۈن پارتىيە چوقۇم «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى ئارقىلىق ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىر تۇتاش ئىگىلەپ، پارتىيىنىڭ كونكرېت سىياسەتلىرى، كونكرېت خىزمەتلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنى، باش سىياسىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بىز ئىدىيە ۋە خىزمەتلەردە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز لازىم. ئالغا بېسىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرگە يولۇقۇش ياكى "سول"چىللىق، ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدىن تەۋرىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، لېكىن ئاساسلىقى "سول"چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نامى بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلىپ، جۇڭگونى ئومۇمىيۈزلۈك غەربچىلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كاپىتالىزمنى كىرگۈزگەنلىك ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىق دەپ، يوغان قالپاق بىلەن كىشىلەرگە پوپۇزا قىلىشقا، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقىمۇ ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ پارتىيىنىڭ ئاساسىي

نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتسەك، پارتىيىمىز، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ.

يولداشلار! پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، 14-قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈن پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەستايىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا چاقىردى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن ھاۋازى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋۇچاڭ، شېنجېن، جۇخەي، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا قىلىنغان سۆزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

(1992-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى ــــ 2-ئاينىڭ 21-كۈنى)

دېڭ شياۋپىڭ

## (1)

مەن گۇاڭدۇڭغا 1984-يىلى كەلگەنىدىم. ئۇچاغدا، يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا بىرقانچە يىل بولغان، شەھەرلەردە ئىسلاھات ئەمدىلا باشلانغان، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلار① ئەمدىلا قەدەم تاشلىغانىدى. ئارىدا سەككىز يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ قېتىم كەلسەم، شېنجېن، جۇخەي ئالاھىدە رايونلىرى ۋە باشقا بەزى جايلاردا تەرەققىيات شۇنچە تېز بولۇپتۇ، بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. بۇ جايلاردىكى تەرەققىياتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىشەنچىم ئاشتى.

ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى، بۇ ــــ ئىنقىلاب، دېمەك، ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تۈپ تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ــــ ئىسلاھات، دېمەك، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى سوتسىيالىزم شارائىتىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشلا تىلغا ئېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنە ئىسلاھات ئارقىلىق ئازاد قىلىش لازىملىقى تىلغا

ئېلىنمىغانىدى، بۇ مۇكەممەل بولمىغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەڭ تىلغا ئېلىش لازىم.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دا چىڭ تۇرۇشتا. سوتسىيالىزم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلمايدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمايدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلمەيدىغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇلمايدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانمايدىغان بولسا، تۈگىشىدىغان گەپ. ئاساسىي لۇشيەن يۈز يىل دەۋر سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. مۇشۇ لۇشيەندە چىڭ تۇرغىنىمىزدىلا، خەلق بىزگە ئىشىنىدۇ، بىزنى ھىمايە قىلىدۇ. كىم 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىكەن، خەلق يول قويمايدۇ-دە، ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنى مەن بىر نەچچە قېتىم ئېيتقانىدىم. ئىسلاھاتنىڭ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ نەتىجىلىرى بولمىغان بولسا، "4-ئىيۇن"[2] ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيتتۇق، ئۆتەلمىگەن بولساق مالىمانچىلىق بولاتتى، مالىمانچىلىق بولسا، ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرەتتى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ ئۆزى بىر ئىچكى ئۇرۇش. "4-ئىيۇن"دىن كېيىن دۆلىتىمىز نېمە ئۈچۈن ناھايىتى مۇقىم بولۇپ تۇرالىدى؟ بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىياتنى ئالغا سۈرگەنلىكىمىزدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغانلىقىمىزدىن بولدى. شۇڭا ئارمىيىمۇ، دۆلەت ھاكىمىيىتىمۇ مۇشۇ يولنى، مۇشۇ تۈزۈمنى، مۇشۇ سىياسەتلەرنى قوغدىشى لازىم.

ئاشۇ قىسقىغىنە ئون نەچچە يىل ئىچىدە، دۆلىتىمىز شۇنچە تېز تەرەققىي تاپتى، بۇ ھال خەلقنى خوش قىلدى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇنىڭ ئۆزى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەر نېمە دېسەكمۇ، بىر ئېغىز سۆز، ئاشۇ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇش، ئۇلارنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان بىز نۇرغۇن نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتۇق، تۈزگەندىمۇ ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئىقتىساد، سىياسىي ئىشلار، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە ئېنىق فاڭجېن، سىياسەتلەر تۈزۈلدى، يەنە كېلىپ ئاشۇ فاڭجېن، سىياسەتلەر توغرا تىل بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ قېتىم 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 8-ئومۇمىي يىغىنى[3] ئوبدان ئېچىلدى، يىغىندا يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇ تۈزۈم ئۆزگەرتىلسە، خەلق خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ-دە، مەركەزنىڭ سىياستى ئۆزگىرىپتۇ دېيىشىدۇ. يېزا ئىسلاھاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەنخۇيدا بىر "سارالڭ گازىرى"[4] مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشى بۇنىڭدىن بىئارام بولۇپ، ئۇ بىر

www.uyghurkitap.com

مىليون پۇل تاپتى دېيىشىپ، ئۇنىڭغا تېگىشنى تەشەببۇس قىلدى. مەن تېگىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا تېگىپلا قويۇلسا، خەق سىياسەت ئۆزگىرىپتۇ دېيىشىدۇ، ئۇ گۇلۇك كۆتۈرمەيدۇ، دېگەنىدىم. مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىلەر يەنە خېلى بار، ئۇلار توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بىزنىڭ فاڭجېنلىرىمىزدا ئاسانلا تەۋرىنىش يۈز بېرىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شەھەر ۋە يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى چوقۇم ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم. دەرۋەقە، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، تۈزىتىپ تولۇقلاشقا تېگىشلىك تەرەپلىرى تۈزىتىپ تولۇقلىنىدۇ، ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭدىن قەتئىي تەۋرەنمەسلىك كېرەك. يېڭى ئامال تاپالمىساقمۇ مەيلى، ئۇنى ئۆزگەرتمەيلى، كىشىلەر سىياسەت ئۆزگىرىپتۇ دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالمىسۇن. مۇشۇنداق قىلساق، جۇڭگو كەلگۈسى ئىستىقبال تاپالايدۇ.

**( 2 )**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە، كىچىك پۇتلۇق ئايالاردەك يول ماڭماي، دادىللاق بولۇش، سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. كۆز يەتكەن ئىشلاردا دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن بۆسۈش لازىم. شېنجېننىڭ مۇھىم تەجرىبىسى بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىشتىن ئىبارەت. بىرئازمۇ بۆسۈش روھى بولمىسا، بىر ئازمۇ "تەۋەككۈل قىلىش" روھى بولمىسا، غەيرەت-جاسارەت بولمىسا ياخشى يول تاپقىلى، يېڭى يول تاپقىلى بولمايدۇ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، بىرئازمۇ خېيىم-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماي تۇرۇپ ھەرقانداق ئىشتا يۈزدە يۈز ئىشەنچىم بار، ئازراقمۇ سەۋەنلىك كۆرۈلمەيدۇ، دېيىشكە كىممۇ جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بىرەر ئىشنى قىلا-قىلماي تۇرۇپلا ئۆزەمنىڭ راست، يۈزدە يۈز توغرا دەيدىغان ئىش نەدە بار، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق قارىمايمەن. رەھبەرلىك قاتلىمى ھەر يىلى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تۇرۇشى، توغرىلىرىدا چىڭ تۇرۇشى، توغرا بولمىغانلىرىنى دەرھال تۈزىتىشى، يېڭى مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئېھتىمال بىز يەنە 30 يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىپ ئاندىن ھەر قايسى تەرەپلەردە بىر يۈرۈش تېخىمۇ پىشقان، تېخىمۇ شەكىللەنگەن تۈزۈمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇ تۈزۈم ئاستىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلەر بولسا، تېخىمۇ شەكىللەنگەن بولىدۇ. ھازىر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، تەجرىبىلەر كۈندىن-كۈنگە بېيىۋاتىدۇ. تەجرىبىلەر بەك كۆپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى گېزىت-ژۇرنال ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ھەممىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ياخشى ئىش، مۇشۇنداق ئىجادچانلىق بولۇشى كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە قەدەم تاشلىيالماسلىق، بۆسۈشكە جۈرئەت قىلالماسلىقنىڭ ئۆزى، نېمىلا

بېمەيلى، كاپىتالىزمنىڭ نەرسىلىرى كۆپىيىپ قالارمىكى، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىپ قالارمىزمىكى دەپ قورقۇشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئەجەللىك يېرى «كاپىتالىزم»مۇ ياكى «سوتسىيالىزم»مۇ دېگەن مەسىلە. ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىگە كەلسەك، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئالاھىدە رايون قۇرۇش ئۈستىدە دەسلەپتىلا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولدى، كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىپ قالارمىزمۇ دېگەن ئەندىشىلەر بولدى. شېنجېننىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئەندىشىدە بولغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەردى. ئالاھىدە رايوننىڭ خاراكتېرى كاپىتالىزم بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىزم. شېنجېننىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدىنى تەشكىل قىلىدۇ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغى ئاران تۆتتىن بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدۇ، چەت ئەل مەبلىغى قىسمىدىنمۇ بىز يەنە باج، ئەمگەك مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە پايدا ئالىمىزغۇ! «ئۈچ خىل مەبلەغ»[5] كارخانىلىرىنى قورقماي كۆپرەك قۇرۇشىمىز لازىم. كاللىمىزنى سەگەك تۇتساقلا، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىز بار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلىرىمىز بار، يېزا-بازار كارخانىلىرىمىز بار، تېخىمۇ مۇھىمى ھاكىمىيەت بىزنىڭ قولىمىزدا، بەزىلەر چەت ئەل مەبلىغى بىر ئۇلۇش كۆپەيسە، كاپىتالىزممۇ بىر ئۇلۇش كۆپىيىدۇ، «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى كۆپەيسە، كاپىتالىزمنىڭ نەرسىلىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ، كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ كىشىلەر ئەقەللىي ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بەلگىلىمىلەر ۋە سىياسەت بويىچە، ھامان بىر ئاز پۇل تاپىدۇ، ئەمما، دۆلەت يەنە ئۇلاردىن باج ئالىدۇ، ئىشچىلار يەنە ئىش ھەققى ئالىدۇ، بىز يەنە تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالالايمىز، ئۇچۇرغىمۇ ئىگە بولالايمىز، بازار تاپالايمىز. دېمەك «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل سىياسىي، ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ پايدىلىق تولۇقلىمىسى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق.

پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش. كۆپچىلىككە بۇ قائىدىنى سۆزلەش كېرەك. ئاكسىيە، پاي چېكى بازىرى دېگەن بۇ نەرسىلەر زادى ياخشىمۇ-ياخشى

ئەمەسمۇ، خېيىم-خەتىرى بارمۇ - يوقمۇ، كاپىتالىزمغىلا خاس نەرسىمۇ-ئەمەسمۇ، سوتسىيالىزمدا بولسا بولامدۇ-بولمامدۇ؟ بۇنىڭدا قاراپ بېقىشقا يول قويۇش كېرەك، لېكىن قەتئىي سىناق قىلىش لازىم. توغرا ئىكەنلىكىگە كۆز يەتسە، بىر-ئىككى يىل قىلىپ بېقىپ، توغرا بولسا قويۇۋېتىش لازىم؛ خاتا بولسا تۈزىتىش، تاقىۋېتىش كېرەك. تاقىۋەتكەندىمۇ تېزرەك تاقىۋېتىشكىمۇ، ئاستىراق تاقىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ، ئازراق قۇيرۇق قالدۇرۇپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. قورقىدىغان نېمىسى بار. مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتقانىنىڭ زىيىنى يوق، چوڭ خاتالىق سادىر بولمايدۇ. قىسقىسى، سوتسىيالىزم كاپىتالىزمغا سېلىشتۇرغىدەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يارىتىلغان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە ئەينەك قىلىشى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار باشقۇرۇش شەكىللىرى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئەينەك قىلىشى كېرەك.

سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا پەيدىنپەي ئورتاق بېيىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئورتاق بېيىش تەسەۋۋۇرى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: شارائىتى بار. بىر قىسىم رايونلار ئالدىن تەرەققىي قىلىدۇ، بىر قىسىم رايونلار ئاستىراق تەرەققىي قىلىدۇ. ئالدىن تەرەققىي قىلغان رايونلار كېيىن تەرەققىي قىلغان رايونلارنى يېتەكلەيدۇ، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ. ئەگەر بېيىغانلىرى بارغانسېرى بېيىپ كەتسە، نامراتلىرى بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتسە، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىشى كېرەك ھەم ساقلىنالايدۇ. ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنىڭ بىرى شۇكى، ئالدىن بېيىغان رايونلار كۆپرەك پايدا-باج تاپشۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش. ئەلۋەتتە بەك بالدۇر مۇشۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، ھازىر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، "چوڭ قازاننىڭ ئېشى"نى يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى قايسى ۋاقىتتا گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىشنى، قانداق ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ۋاقىتتا، بۇ مەسىلىنى گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. ئۇ ۋاقىتتا تەرەققىي تاپقان رايونلار داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە پايدا-باجنى كۆپ تاپشۇرۇش ۋە تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىدۇ. يەنە كېلىپ تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى مول بايلىققا ئىگە رايونلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىدىغان يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. قىسقىسى، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز چوقۇم دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ باي-نامراتلىق جەھەتتىكى پەرق مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە قارىتا دەسلەپتە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولدى، بۇ نورمال ئەھۋال. بۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش مەسىلىسىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ زور مەسىلە بولغان يېزا ئىسلاھاتى، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇش، خەلق گوڭشېسى تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ئىپادىلەندى. يېزا ئىسلاھاتىنى دەسلەپتە ئۆلكىلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئېلىپ باردى، ئىككىنچى يىلى ئېلىپ بارغان ئۆلكىلەر ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۈچىنچى يىلى ھەممە ئۆلكە دېگۈدەك ئېلىپ باردى، پۈتۈن مەملىكەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇنداق بولدى. دەسلەپتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندا ئاكتىپلىق يۇقىرى بولمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ باقتى، بىزنىڭ سىياسىتىمىز قاراپ بېقىشقا يول قويىدۇ. قاراپ بېقىشقا يول قويۇش مەجبۇرلىغاندىن كۆپ ياخشى. بىز 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشتا مەجبۇرلايدىغان ئىشنى قىلمىدۇق، ھەرىكەت ئېلىپ بارمىدۇق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى خالىغانلار ئېلىپ باردى، قانچىلىك ئېلىپ بارالىسا شۇنچىلىك ئېلىپ باردى، مۇشۇنداق قىلىپ ئىسلاھات ئاستا-ئاستا كېڭەيدى. تالاش-تارتىش قىلماسلىق مېنىڭ بىر كەشپىياتىم. تالاش-تارتىش قىلماسلىقتىن مەقسەت ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش. تالاش-تارتىش قىلىنسا، ئىش مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، ۋاقىتمۇ قولدىن كېتىدۇ، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. تالاش-تارتىش قىلماي، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن بۆسۈش لازىم. يېزا ئىسلاھاتىدا مۇشۇنداق قىلىش، شەھەر ئىسلاھاتىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك.

ھازىر بىزگە ئوڭچىل نەرسىلەرمۇ، ”سول“چىل نەرسىلەرمۇ تەسىر يەتكۈزمەكتە، لېكىن يەنىلا ”سول“چىل نەرسىلەرنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر. بەزى نەزەرىيىچىلەر، سىياسەتچىلەر ئوڭچىللىقنى ئەمەس، ”سول“چىللىقنى چوڭ قالپاق قىلىپ ئادەم قورقىتىدۇ. ”سول“چىللىق ئىنقىلابىي تۈس ئالغان بولىدۇ، گويا قانچە ”سول“چىل بولسا شۇنچە ئىنقىلابچىدەك كۆرۈنىدۇ. ”سول“چىل نەرسىلەر پارتىيىمىز تارىخىدا بەك دەھشەتلىك بولغانىدىغۇ! بىر ئوبدان نەرسىلەرنى بىر يولىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنىدىغۇ. ئوڭچىللىق سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ، ”سول“ چىللىقمۇ سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. جۇڭگودا ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، ئەمما ئاساسلىقى ”سول“چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئوڭچىل نەرسىلەر بار، مالىمانچىلىقنىڭ ئۆزى ئوڭچىللىق! ”سول“چىل نەرسىلەرمۇ بار. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى كاپىتالىزمنى كىرگۈزۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېيىش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتە ئاساسىي خەۋپ ئىقتىسادىي ساھەدىن كېلىدۇ دەپ قاراشنىڭ ئۆزى ”سول“چىللىق. بىز سەگەك بولۇشىمىز كېرەك، سەگەك بولغاندا چوڭ خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنالايمىز، مەسىلە كۆرۈلگەندىمۇ ئۇنى ئاسان تۈزىتەلەيمىز ۋە ئۆزگەرتەلەيمىز.

## (3)

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە. ھازىر ئەتراپىمىزدىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىزنىڭكىدىن تېز، ئەگەر بىز ئىقتىسادىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرمىساق ياكى بەك ئاستا تەرەققىي قىلدۇرساق، يۇقىرىلار سېلىشتۇرسىلا مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلا بولسا توسماسلىق لازىم، شارائىتى بار جايلار ئىمكانقەدەر تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم، ئۈنۈمگە، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىلسىلا، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىك يولغا قويۇلسىلا، ئەنسىرىگىدەك ئىش بولمايدۇ. ئاستا سۈرئەت توختاپ قالغانغا، ھەتتا چېكىنگەنگە باراۋەر. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم، ھازىرقى پەيتنىڭ ئۆزى ياخشى پۇرسەت. مەن پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. تۇتمىساق، پۇرسەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ قولدىن كەتكۈزۈپ قويىمىز، ۋاقىتمۇ ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھامان بىر نەچچە يىلدا بىر بالداقتىن ئۆرلەش ئۈچۈن تىرىششقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يۇقىرى سۈرئەتنى قوغلاشماستىن، پۇختا ئىشلەش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، پۇختا قەدەم بىلەن تەككەش راۋاجلاندۇرۇش لازىم، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى بىر نەچچە بالداق ئۆرلەپ، 20 يىلدا ئاسىيادىكى "تۆت كىچىك ئەجدىھا"⑦ غا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىششى كېرەك. ئالايلۇق، تەرەققىياتى بىر قەدەر ياخشى بولغان جياڭسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتىدىن تېز بولۇشى كېرەك. يەنە ئالايلۇق، شاڭخەي نۆۋەتتە تېخىمۇ تېزرەك تەرەققىي قىلىش شارائىتىغا تامامەن ئىگە. شاڭخەي ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئارتۇقچىلىققا ئىگە، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ. ئەسلەپ كۆرگەندە، مېنىڭ بىر چوڭ سەۋەنلىكىم شۇكى، تۆت ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قۇرغاندا شاڭخەينى قوشماپتىمەن، ئۇنى قوشقان بولسام، ھازىر چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ،يۇتكۇل چاڭجياڭ ۋادىسىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى باشقىچە بولغان بولاتتى.

ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ بىرقانچە يىللىق تەجرىبىمىزدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بىر قانچە يىلدا بىر بالداق ئۆرلەش تامامەن مۇمكىن. بىزنىڭ ھەقىقىي تۇتۇش قىلغان ۋاقتىمىز 1980-يىلى بولدى. 81-، 82-، 83- يىللىرى ئىسلاھات ئاساسلىقى يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلدى. 84-يىلى مۇھىم نۇقتا شەھەر ئىسلاھاتىغا يۆتكەلدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر قەدەر تېز بولغان ۋاقىت 84- يىلدىن 88-يىلغىچە بولغان ۋاقىت بولدى. بۇ بەش يىلدا ئاۋۋال يېزا ئىسلاھاتى نۇرغۇن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى، دېھقانچىلىق

زىرائەتلىرى مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئاشتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور ھەجىمدە كۆپەيدى، يېزا-بازار كارخانىلىرى بىردىنلا بارلىققا كەلدى. كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىستېمال كۈچى ئاشتى، زور بىر تۈركۈم يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ۋېلىسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رادىئو، قول سائىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ بويۇم» ۋە بەزى ئالىي ئىستېمال بويۇملىرى ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدىن ئورۇن ئالدى. دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، يېزا بازارلىرىنىڭ كېڭىيىشى، يېزىلاردىكى ئۇشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بۇ بەش يىلدا جەمئىي يارىتىلغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 تىرىليون يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %21.7 ئېشىپ باردى. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئۆي-جاي، قاتناش، ئىستېمال قاتارلىق جەھەتلەردىكى سانائەت بويۇملىرى، جۈملىدىن رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ زور ھەجىمدە كۆپەيدى، پولات ماتېرىيال، سېمونت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىمۇ زور ھەجىمدە كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىك بىلەن سانائەت، يېزا بىلەن شەھەر مانا مۇشۇنداق بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ — ئىنتايىن جانلىق، ئىنتايىن قايىل قىلارلىق تەرەققىيات جەريانى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ بايلىقى غايەت زور دەرىجىدە كۆپەيدى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 89-يىلدىن باشلاپ تۈزەش، ياخشىلاش ئېلىپ بېرىلدى. تۈزەش، ياخشىلاشنى مەن قوللىغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى «قىزىپ كېتىش» ھەقىقەتەن بەزى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، پۇل كۆپرەك تارقىتىلدى، مال باھاسىدا داۋالغۇش چوڭراق بولدى، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، بەزى ئىسراپچىلىقلار كېلىپ چىقتى. لېكىن ئاشۇ بەش يىلدىكى تېز تەرەققىياتقا قانداق ئەتراپلىق قاراش كېرەك؟ ئاشۇ بەش يىلدىكى تېز تەرەققىياتنى بىر خىل سەكرەش دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»[8] كە ئوخشىمايدۇ، ئۇ پۈتكۈل تەرەققىياتنىڭ ئورگانىزمى ۋە مېخانىزمىغا زىيان يەتكۈزمىدى. ئاشۇ بەش يىلدىكى تېز تەرەققىياتنىڭ تۆھپىسى كىچىك ئەمەس، بۇ مېنىڭ باھايىم. تۈزەش، ياخشىلاشمۇ نەتىجە بەردى، لېكىن تۆھپىگە باھا بېرىشتە مۇقىم تەرەققىياتتىكى تۆھپىلا ھېسابقا ئېلىنغاندىمۇ، يەنىلا ئاشۇ بەش يىلدىكى تېز تەرەققىياتمۇ بىر تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟ ياكى ھېچ بولمىغاندا بىر جەھەتتىكى تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟ ئەگەر ئاشۇ بىر قانچە يىللىق سەكرەش بولمىغان، پۈتكۈل ئىگىلىك بىر پەللە ئۆرلىمىگەن بولسا، كېيىنكى ئۈچ يىللىق تۈزەش، ياخشىلاشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزدا ھامان مەلۇم بىر باسقۇچتا كەلگەندە پۇرسەتنى تۇتۇپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ بىر قانچە

يىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدىكەن، مەسىلە سىستېمىلىق ھالدا قوزغىلىپ، يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىسەك بولىدىكەن. تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا، قولىمىزدا نەرسە كۆپ بولسا، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالايمىز. تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇنداق چوڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىمىزنى تېزرەك راۋاجلاندۇرۇشتا، ھامان ئۈنۈملۈك تېپىشىپ، ساغلام ئىش كۆرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ئىقتىسادنى مۇقىم، تەكشى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، لېكىن مۇقىملىق بىلەن تەكشىلىكمۇ نىسبىي بولىدۇ، مۇتلەق بولمايدۇ. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ئەگەر تەھلىل مۇۋاپىق بولماي، خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقسا، تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىپ، ئەمدىيىدە ئازاد بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، دادىل ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىمىز، نەتىجىدە پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ-دە، خۇددى ئېقىمغا قارشى يۈرگەن كېمە ھەيدىمىسە چېكىنىپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

خەلقئارا تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، بەزى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ياكى بىرقانچە تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىش باسقۇچى بولغان. ياپونىيە، جەنۇبىي چاۋشيەن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا مۇشۇنداق بولغان. ھازىر ئىچكى شارائىتىمىز تەل، خەلقئارا مۇھىت بىزگە پايدىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا ئىمكان بېرىدىغان ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا تەرەققىيات سۈرئىتى بىر قەدەر تېز، ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولغان بىرقانچە باسقۇچنىڭ بولۇشى زۆرۈر، شۇنداقلا بۇنداق باسقۇچنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بىزدە مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىرادە بولۇشى كېرەك!

ئىقتىسادنى تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىش كېرەك. مەن پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەنىدىم. يېقىنقى 10-20يىلدىن بېرى دۇنيادا پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى نېمىدېگەن تېز بولدى-ھە! يۇقىرى پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى بىر بۆسۈش بىر تۈركۈم كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بىز بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان پەن-تېخنىكىدىن ئايرىلغان بولساق تەرەققىياتىمىز بۇنداق تېز بولالارمىدۇ؟ ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلىش كېرەك، ئىلىم-پەنگە تايانغاندا ئۈمىد بولىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىمىز تېز بولدى، 90-يىللاردا تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ تېز بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر بىر ساھە ئېنىق ستراتېگىيىلىك نىشان تىكلىشى، چوقۇم غەلىبە قازىنىشى لازىم. يۇقىرى پەن-تېخنىكا ساھەسى بويىچە جۇڭگومۇ دۇنيادا بىر ئورۇننى ئىگىلىشى لازىم. مەن پەن-تېخنىكىدا كەسىپ ئەھلى ئەمەس، لېكىن، دۆلەتكە تۆھپە قوشقان ۋە

شان-شەرەپ كەلتۈرگەن پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن. كۆپچىلىك ئاشۇ يىللاردىكى ئاشۇنداق قىيىن شارائىتتا چيەن شۆسېن[11] ، لى سىگۇاڭ[11] ، چيەن سەنچياڭغا[11] ئوخشاش بىر تۈركۈم پىشقەدەم ئالىملارنىڭ ئاتوم بومبىسى، ۋودورود بومبىسى ۋە سۈنئىي ھەمراھنى ياساپ چىققانلىقىنى ھەم نۇرغۇن يۇقىرى پەن-تېخنىكىلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى ئېسىدە ساقلىشى كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ئالىملار ناھايىتى بەختلىك، شۇڭا، ئۇلارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ. مەن زىيالىيلار — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى دېگەنىدىم. پىشقەدەم ئالىملار، ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملار ناھايىتى مۇھىم، ياش ئالىملارمۇ ناھايىتى مۇھىم. مەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ھەممەيلەننىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەيلى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى سىياسىي پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار قايتىپ كەلسە بولىدۇ، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ سىياسەت ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلارغا شۇنى دېيىش كېرەككى، تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن يەنىلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىنى تۈزۈك، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەن-تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىشتا، قانچىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلەن شۇغۇللانسا شۇنچە ياخشى، قانچىكى يېڭى پەن-تېخنىكا بىلەن شۇغۇللانسا شۇنچە ياخشى. پەن-تېخنىكا قانچە يۇقىرى، قانچە يېڭى بولسا، بىزمۇ شۇنچە خۇش بولىمىز. بىزلا ئەمەس، خەلق، دۆلەت خوش بولىدۇ. دۆلىتىمىزنى سۆيۈشىمىز، دۆلىتىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇشىمىز كېرەك.

## (4)

ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش كېرەك. بۇ ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك. ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، تۈزۈلۈك رەزىللىكلەرنى تۈگىتىشتە يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ. گۇاڭدۇڭ 20 يىلدا ئاسىيادىكى "تۆت كىچىك ئەجدىھا"غا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئىگىلىكنىلا يۈكسەلدۈرۈپ قالماستىن، جەمئىيەت تەرتىپى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىمۇ ياخشىلىشى كېرەك، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ. سىنگاپورنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلار قاتتىق باشقۇرىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشىمىز، بەلكى ئۇلاردىنمۇ ئوبدان باشقۇرۇشىمىز كېرەك. ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن،شۇنىڭغا ئەگىشىپ بەزى چىرىك نەرسىلەرمۇ كىردى، جۇڭگونىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ زەھەرلىك

www.uyghurkitap.com

چېكىملىكلەرنى چېكىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، ئىقتىسادىي جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشقا ئوخشاش رەزىللىكلەر يۈز بەردى. بۇنداق رەزىللىكلەرنى قاتتىق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي مەنئى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك، ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپلا بۇنداق رەزىللىكلەر تەلتۆكۈس تۈگىتىلگەنىدى. ئەپيۇن، خېروئىن چېكىشنى دۇنيادا كىم تۈگىتەلىگەن؟ گومىنداڭ تۈگىتەلمىگەن، كاپىتالىزم تۈگىتەلمەيدۇ. پاكىت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەزىللىكلەرنى تۈگىتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. يەنىلا قانۇن-تۈزۈمگە تايىنىش كېرەك، قانۇن-تۈزۈمگە تايىنىش ئىشەنچلىك بولىدۇ. قىسقىسى، بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىز راۋاجلىنىدىغان، ئىقتىسادنىڭ مەلۇم سۈرئەت بىلەن ئېشىشى ساقلاپ قېلىنىدىغان، ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرىلىدىغانلا بولسا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىدا⑫ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى يەنە 20 يىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، 20 يىل ئازلىق قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتسە، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئالاھىدە رايوننىڭ قۇرۇلۇشىنى ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران مۇشۇنچىلىك ھالغا كەلتۈردۇق، لېكىن، ئۇ بۇزۇلاي دېسە بىر كېچىدىلا بۇزۇلىدۇ. بۇزماق ئاسان، قۇرماق ناھايىتى تەس. مەسىلىنىڭ بىخى كۆرۈلگەندە، دىققەت قىلىنمىسا چاتاق چىقىدۇ.

سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا تايىنىپ قوغداش — ماركسىزمنىڭ بىر تۈپ نۇقتىئىنەزەرى. ماركس، سىنىپىي كۈرەش تەلىماتى مېنىڭ كەشپىياتىم ئەمەس، مېنىڭ ھەقىقىي كەشپىياتىم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، دېگەنىدى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھاكىمىيەتنى ئەمدىلا قولغا ئالغان يېڭى سىنىپنىڭ كۈچى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھامان دۈشمەن سىنىپنىڭكىدىن ئاجىز بولىدۇ، شۇڭا، ھاكىمىيەتنى دىكتاتۇرا ۋاستىسى ئارقىلىق مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق ئىچىدە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش، دۈشمەن ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش كېرەك، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى دېگەن ئەنە شۇ. خەلق ھاكىمىيىتىنى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ مۇستەھكەملەش — ھەققانىي ئىش، بۇنىڭ گەپ تېپىپ بېرەلمەي

يېگىلىپ قالىدىغان يېرى يوق. بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئاران نەچچە ئون يىل بولدى، يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچ كېتىدۇ، بىر قانچە ئەۋلاد، ئون نەچچە ئەۋلاد، ھەتتا نەچچە ئون ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئىشنى ھەرگىز بوش چاغلاشقا بولمايدۇ.

## (5)

توغرا سىياسىي لۇشيەنگە تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش-قىلالماسلىقنىڭ، سوتسىيالىزمدا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىقنىڭ، ئىگىلىكنى تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇش-تەرەققىي قىلدۇرالماسلىقنىڭ، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇش-بولالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمگە باغلىق.

جاھانگىرلىك تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئۈمىدنى بىزدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەۋلاد كىشىگە باغلاۋاتىدۇ. يولداش جياڭ زېمىنلارنى ئۈچىنچى ئەۋلاد ھېسابلاشقا بولىدۇ، يەنە تۆتىنچى، بەشىنچى ئەۋلاد بولۇشى كېرەك. بىز پېشقەدەملەر تېخى ھايات بولغاچقا، ئابرويىمىز بولغاچقا، دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن، بىز پېشقەدەملەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ شۇڭا ئارمىيىمىزنى ئوبدان تەربىيىلىشىمىز، دىكتاتۇرا ئاپپاراتلىرىمىزدىكىلەرنى ئوبدان تەربىيىلىشىمىز، كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئوبدان تەربىيىلىشىمىز، خەلقنى ۋە ياشلارنى ئوبدان تەربىيىلىشىمىز لازىم. جۇڭگودا مەسىلە كۆرۈلسە، يەنىلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ مەسىلىدە سەگەك بولۇشىمىز كېرەك، ئادەم تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، "ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، بىلىملىك ۋە كەسپىي ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش" ئۆلچىمى بويىچە، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ بەنزىگە كىرگۈزۈش كېرەك. بىز پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى 100 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دۆلەتنى ئەبەدىي ئامان قىلىمىز دېگىنىمىزدە، مۇشۇنى ئاساس قىلىمىز. مۇشۇ ھەقىقەتەن ئومۇملۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى بىر مەسىلە، ئۇ تېخى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنغىنى يوق، ئۇنىڭ ئوبدان ھەل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئاخىرلىشىپ مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلغانىدىم. بىز ئەبەدىي

ئامان بولۇش مەسىلىسىنى بىزدەك مۇشۇ بىر ئەۋلاد پېشقەدەم كىشىلەرگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، باشقىلارنى كۆرسىتىپ، ھەقىقىي تۇردە ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىز باسارنى تېپىپ چىقماقچى بولغاندۇق. لېكىن، مەسىلە بۇنىڭلىق بىلەن ھەل بولۇپ كەتمىدى. كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەغلۇپ بولدى، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتە مەسىلە چىقارماي، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە موللاق ئاتتى. شۇڭا، ئۇلارغا يول قويغىلى بولمايتتى-دە! مەن 1989-يىل 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېگەنىدىم: ھازىر خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغان ھەمدە تۆھپىسى بار كىشىلەرنى تاللاپ، دادىللىق بىلەن يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا كىرگۈزۈپ، خەلققە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن چىن كۆڭلىمىزدىن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. خەلق ئەمەلىيەتكە قارايدۇ. خەلق قاراپ بېقىپ، يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلسا، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۇزاققىچە گۈللەپ ياشنايدۇ!

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياشلارنى تاللاپ بەنزىنگە كىرگۈزۈش كېرەك. ھازىر مەركەزدىن ئىبارەت بۇ بەنزىننىڭ يېشى يەنىلا چوڭراق، ئاتمىشتىن ئازراق ئاشقانلىرى ياش ھېسابلىنىدۇ. بۇكىشىلەر ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بولىدۇ، يەنە يىگىرمە يىل ئۆتكەندە بولسا، سەكسەن نەچچە ياشقا كىرىپ، بۈگۈن ماڭا ئوخشاش پاراڭ قىلىشسا بولىدۇ، لېكىن خىزمەتتە ماغدۇرى يەتمەيدۇ. ھازىر مەركەزدىكى بەنزە ياخشى ئىشلەۋاتىدىغۇ! ئەلۋەتتە مەسىلىلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا مەسىلىلەر ئازلاپ قالمايدۇ. بىز بۇ قېرىلار مۇھىمى ئىش باشقۇرمايمىز، يېڭى چىققان كىشىلەرنى قول قويۇپ بېرىپ ئىشلىگۈزۈپ، ھازىرقى يولداشلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە قاراپ تۇرىمىز. قېرى كىشىلەر ئاڭلىق ھالدا ئورۇننى بوشىتىپ بېرىپ، ياندىن ياردەم بەرسە بولىدۇ، لېكىن كىشىلەرگە توسالغۇ بولىدىغان ئىشنى قىلسا بولمايدۇ. ياخشى بېجىرىلمىگەن ئىشلارغىمۇ ياخشى كۆڭۈل بىلەن ياردەم بېرىشى، كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئىز باسارلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. مېنىڭ چېكىنىپ چۈشۈشتە چىڭ تۇرۇشۇم، قېرىغان ۋاقتىمدا خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن. قېرى ئادەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، لېكىن ئىنتايىن چوڭ ئاجىزلىقىمۇ بولىدۇ، قېرى ئادەملەر ئاسانلا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، شۇڭا قېرىلاردىمۇ ئازراق ئاڭلىقلىق بولۇشى كېرەك. قېرىغانسېرى ئاخىرىدا شۇنچە خاتالىق سادىر قىلماسلىقى كېرەك، قېرىغانسېرى شۇنچە كىچىك پېئىل بولۇشى لازىم. ھازىر يەنىلا داۋاملىق ئادەم تاللاش كېرەك، تېخىمۇ ياش يولداشلارنى تاللاپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، تەربىيە بېرىش لازىم. خۇراپىي بولماسلىق لازىم. مەن يىگىرمە نەچچە ياش ۋاقتىمدىلا چوڭ ئەمەل تۇتقان، ھازىر سىلەردەك كۆپ نەرسە بىلمەيتتىم، يەنىلا ئىشلەش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئادەم

تاللاش كېرەك، تاللاپ چىققاندىن كېيىن ياردەم بېرىپ، تەربىيىلەپ، تېخىمۇ كۆپ ياشلارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلسە بىز خاتىرجەم بولىمىز. ھازىر تېخى خاتىرجەم ئەمەستە! تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئاچقۇچ كومپارتىيىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئوبدان باشقۇرۇشتا، ئىش چىقمىسا، خاتىرجەم ئۇخلىغىلى بولىدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى تۇرغۇزغان جۇڭگونىڭ بۇ تەرەققىيات لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق كۆپچىلىكنىڭ ئىرىشچانلىقىغا، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە باغلىق.

ھازىرقى بىر مەسىلە شۇكى، شەكىلۋازلىق كۆپىيىپ كەتتى. تېلېۋىزورنى ئاچساڭلا كۆرىدىغىنىڭ يىغىن. يىغىن كۆپ، ماقالىلار بەك ئۇزۇن يېزىلىۋاتىدۇ، نۇتۇقلارمۇ بەك ئۇزۇن سۆزلىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تەكرار، ئۇلاردا يېڭى تىل بەكلا ئاز. تەكرار گەپلەرنى سۆزلەش كېرەك، لېكىن ئۇ ئىخچاملاق بولۇشى لازىم. شەكىلۋازلىقمۇ بيۇروكراتلىق. ۋاقىت چىقىرىپ ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىش، گەپنى ئاز قىلىپ ئىشنى كۆپ قىلىش كېرەك. ماۋ جۇشى يىغىنى ئۇزۇن ئاچمايتتى، ماقالىنى قىسقا ھەم ئېسىل يازاتتى، نۇتۇقلارنىمۇ ئىنتايىن ئىخچام سۆزلەيتتى. جۇ زۇڭلى 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتنى تەييارلاشقا ماۋ جۇشى مېنى مەسئۇل قىلغان ۋە بەش مىڭ خەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغانىدى، مەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىدىم. بەش مىڭ خەتمۇ ناھايىتى كارغا يارىدىغۇ؟ مەن مۇشۇ مەسىلىنى تۈتۈشنى تەكلىپ قىلىمەن.

ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشتە جەۋھەرنى ھەم ئوبدان ئىشلەيدىغانلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئۇزۇن سەھىپىلىك نەرسىلەرنى ئاز ساندىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئوقۇيدۇ، لېكىن كەڭ ئامما بۇنى قانداق ئوقۇيدۇ؟ چوڭ كىتابلارنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلىش شەكىلۋازلىق بولۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ دەسلەپكى ئاساس ئوقۇتقۇچۇم «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» بىلەن «كوممۇنىزم توغرىسىدىكى ساۋاتلاردىن AB C» ئىدى. يېقىندا، بەزى چەت ئەللىكلەر ماركسىزمنى يىغىنچاقلى بولمايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ. يىغىنچاقلاشقا چوڭ كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ماركسىزملىق ھەقىقەتلەرنى ئاددىيلاپ ئىپادىلىمەسلىكتە. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى. كىتابۋازلىقنى ئەمەس، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز كىتابقا تايىنىش يولى بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەتكە تايىنىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تايىنىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقتى. يېزىلاردا ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش يولى تۇتۇلدى، بۇنى كەشىپ قىلغۇچى دېھقانلار. يېزا ئىسلاھاتىدىكى بىرمۇنچە نەرسىلەر ئاساسىي قاتلامدا يارىتىلغان، بىز ئۇنى پىششىقلاپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن يېتەكچى قىلدۇق.

ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى. مەن ئوقۇغان كىتابلار كۆپ ئەمەس،لېكىن بىر نەرسىنى يەنى ماۋ جۇشى ئېيتقان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ئىشىنىمەن، ئىلگىرى بىز ئۇرۇش قىلغاندا مۇشۇنىڭغا تايىناتتۇق، ھازىر قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىمۇ مۇشۇنىڭغا تايىنىمىز. بىز بىر ئۆمۈر ماركسىزمنى سۆزلىدۇق، ئەمەلىيەتتە ماركسىزم تۇتقىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئەمەس. ماركسىزم ئىنتايىن ئەمەلىي نەرسە ھەم ئىنتايىن ئەمەلىي داۋلى.

## (6)

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، دۇنيادا ماركسىزمنى ياقلايدىغانلار كۆپىيىپ بارىدۇ، چۈنكى ماركسىزم —— پەن، ماركسىزم تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەتبىق قىلىش يولى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى. فېئوداللىزم جەمئىيىتى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى باستى، كاپىتالىزم فېئوداللىزمنىڭ ئورنىنى باستى، سوتسىيالىزم ئۇزاق بىر تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇقەررەر يۇسۇندا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. بۇ جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقىغا ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىشى، لېكىن، يول ئەگرى-توقاي. كاپىتالىزمنىڭ فېئوداللىزمنىڭ ئورنىنى بېسىشى ئۈچۈن كەتكەن نەچچە يۈز يىلدا سۇلالە قايتا تىرىلدىغان ئىش نەچچە-نەچچە قېتىم يۈز بەرمىگەنمىدى؟ شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر خىل ۋاقىتلىق تىرىلىشمۇ تامامەن ساقلانغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەتلىك ھادىسە. بەزى دۆلەتلەردە ئېغىر ئەگرى-توقايلىق كۆرۈلدى، سوتسىيالىزم گويا ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، خەلق چېنىقىپ، بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا، ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك، ماركسىزم يوقالدى، كاردىن چىقتى، مەغلۇپ بولدى، دەپ قارىماسلىق كېرەك. نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن!.

تا بۈگۈنگە قەدەر، دۇنيادا تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىنىڭ بىرىمۇ ھەل بولمىدى. سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئەمەلىيەت ئارقىلىق دۇنياغا شۇنى بىلدۈرۈشى كېرەككى، جۇڭگو زومىگەرلىككە، زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرىدۇ، مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ. جۇڭگو دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى قەيسەر كۈچ.

بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقىنىغا نەچچە يۈز يىل بولدى، بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقىنىمىزغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى! يەنە كېلىپ ئۆزىمىز 20 يىلنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئەگەر دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا،

100 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئېلىمىزنى ئوتتۇراھال سەۋىيىلىك تەرەققىي تاپقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالىساق، قالتىس ئىش قىلغان بولىمىز! ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىل ناھايىتى مۇھىم مەزگىل، بىز باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىشىمىز كېرەك. زىممىمىزدىكى يۈك ناھايىتى ئېغىر، مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ!

**ئىزاھلار:**

① 1979-يىلى 7-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ ئۈچ شەھىرىدە ۋە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن شەھىرىدە ئېكسپورت ئالاھىدە رايونىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇشقا قوشۇلدى. 1980-يىلى 5-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن شېنجېن جۇخەي، شەنتۇ ۋە شيامېندىن ئىبارەت مۇشۇ تۆت ئېكسپورت ئالاھىدە رايونىنى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتاشنى قارارقىلدى. شۇ يىلى 8-ئايدا، 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15-يىغىنىدا «گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلار نىزامى» تەستىقلاندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىقتىسادىي رايونلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1984-يىلى دېڭ شياۋپىڭ شېنجېن، جۇخەي، شيامېن ئۈچ ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى تەكشۈردى. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلاردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇش جەھەتتە چەتئەلنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئاساس قىلىنىدۇ، ئىقتىسادىي مۈلۈكچىلىك جەھەتتە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك يېتەكچى قىلىنغان كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلما يولغا قويۇلىدۇ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي يېتەكچىلىكىنىڭ تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدا بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئاساس قىلىنىدۇ؛ چەتئەلنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئېتىبار بېرىلىدۇ ۋە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىلىدۇ؛ ئالاھىدە رايونلار چوڭراق ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. 1985-يىلدىن ئىلگىرى، تۆت ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندا ئاساسلىقى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 1986-يىلدىن باشلاپ، سانائەت ئاساس قىلىنغان، سانائەت-سودا بىرلەشتۈرۈلگەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ساياھەت ئىشلىرى بىللە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىلدى. 1988-يىلى 4-ئايدا، 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا قارار ماقۇللىنىپ، خەينەن ئارىلىنى خەينەن ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى قىلىش، ئۇنىڭدا تېخىمۇ جانلىق، ئىشىك تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇش تەستىقلاندى. مەملىكىتىمىزدە ھازىر بولغان بەش ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ كۆزنەكلىك رولىنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبە مەيدانلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

② 1989-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى خۇ ياۋباڭ ۋاپات بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى تۈرلۈك شەكىل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى بىلدۈردى. ماتەم تۇتۇش مەزگىلىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىتنە-ئىغۋا توقۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، چوڭ-كىچىك خەتلىك گېزىتلەردىن پايدىلىنىپ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزگە قارا چاپلاپ، تىل تەككۈزۈپ، ھۇجۇم قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتقۇلۇق قىلدى، 4-ئاينىڭ 26-كۈنى «خەلق گېزىتى» «مالىمانچىلىققا بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش كېرەك» دېگەن تېمىدا باشماقالە ئېلان قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي

www.uyghurkitap.com

كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان جاۋ زىياڭ مالىمانچىلىققا نىسبەتەن ئۆزمەيلىگە قويۇۋېتىش ۋە قوللاش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقتىن، مالىمانچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 5-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن باشلاپ، بېيجىڭدىكى قانۇنسىز ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى "ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى"نىڭ قۇتراتقۇلۇقى ئاستىدا، بەزى كىشىلەر ئاچلىق ئېلان قىلىپ، تيەنئەنمېن مەيدانىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، نورمال تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن باشلاپ، بېيجىڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. لېكىن مالىمانچىلىقنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە پىلانلىغۇچىلار ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىدىن پايدىلىنىپ، تيەنئەنمېن مەيدانىنى داۋاملىق ئىگىلىۋېلىپ، تۈرلۈك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ ھال تەرەققىي قىلىپ ئاخىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلاندى. 6-ئاينىڭ 4-كۈنى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلققە تايىنىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتتى.

③ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 8-ئومۇمىي يىغىنى 1991-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8-ئومۇمىي يىغىنىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى. ئومۇمىي يىغىندا 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىنىڭ يېزىلاردا يولغا قويغان تۈرلۈك ئاساسىي سىياسەتلىرى ۋە يېزا ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، قەتئىي بوشاشماستىن يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەكىتلەندى. ئومۇمىي يىغىندا يەنە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى قارار» مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى.

④ بۇ يەردە ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخۇ شەھىرىدىكى بىر يەككە تىجارەتچىنىڭ ئىشچى ياللاپ، "ساراڭ گازىرى" دەپ ئاتالغان گازىرنى ئىشلەپچىقارغانلىقى ۋە ساتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بېيىپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤"ئۈچ مەبلەغ" كارخانىلىرى دېگەندە جۇڭگو بىلەن چەتئەلنىڭ بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلىرى، جۇڭگو بىلەن چەتئەلنىڭ ھەمكارلىشىپ قۇرغان كارخانىلىرى ۋە چەتئەلنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ سالغان كارخانىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ 1958-يىل 3-ئايدىكى چېڭدۇ يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى بىرىكتۈرۈپ چوڭ كوپېراتىپقا ئۆزگەرتىش دولقۇنى قوزغالغان، بۇنى ماۋ زېدۇڭ مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە قوللىدى، 8-ئايدا ئۇنىڭ نامى خەلق گۇڭشېسى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇ ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بېيدەيخېدا ئۆتكۈزگەن سىياسىي بيۇرو كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» چىقىرىلىپ، خەلق گۇڭشېسى سىناق قىلىنمايلا، تېزدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى. خەلق گۇڭشېسىدە "بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش" ئالاھىدىلىك قىلىندى، ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى قوشۇۋېتىش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا، مائارىپ، ئارمىيىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، ئومۇمەن بىر يېزىدا بىر گۇڭشې، ئايرىم جايلاردا بىر ناھىيىدە بىر گۇڭشې تەسىس قىلىندى. گۇڭشېنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، نامراتلىق بىلەن بايلىق تەڭلەشتۈرۈۋېتىلدى، تەڭ تەقسىماتچىلىق يولغا قويۇلدى، ئۆز قارىمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ مۈلكى ھەتتا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شەخسىي مۈلكى يۇقىرىغا ھەقسىز ئۆتكۈزۈۋېلىندى، نەتىجىدە "مال-مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىش شامىلى" قاتتىق يامراپ كەتتى. 1958-يىل قىشتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1961-يىلى ئەتىيازدىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ خەلق گۇڭشېلىرىغا بىرقاتار سىياسەت

چېكرىسىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئارقا-ئارقىدىن بەزى خاتالىقلارنى تۈزەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق گۇڭشېسىدە ساقلىنىۋاتقان ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىش ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلالمىغان بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىلا بوغۇلۇپ قالدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەسلى تۈزۈلمىسى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلدى. 1983-يىل 10-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، «ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىۋېتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. بۇ خىزمەت 1984-يىلىنىڭ ئاخىرى مەملىكەت بويىچە ئاساسەن ئورۇندالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يېزا خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمى مەۋجۇد بولۇشتىن قالدى.

⑦ ئاسىيادىكى يېڭىدىن سانائەتلەشكەن دۆلەت ۋە رايونلار يەنى سىنگاپور، شياڭگاڭ، تەيۋەن ۋە كورىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ دۆلەت ۋە رايونلار 60-يىللاردىن باشلاپ ئىگىلىكنى تېز يۈكسەلدۈرگەن بولغاچقا، " ئاسىيادىكى تۆت كىچىك ئەجدىھا" دەپ ئاتالغان.

⑧ 1958-يىل 5-ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا "تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش" دېگەن باش لۇشيەن رەسمىي ماقۇللاندى. باش لۇشيەننى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، پارتىيىمىز "چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش" ھەرىكىتىنى يېنىكلىك بىلەن قوزغىدى. ئالدى بىلەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇقىرى كۆرسەتكۈچ قوغلىشىپ كېلىندى، گېزىت-ژۇرناللاردا "يۇقىرى مەھسۇلات سۈنئىي ھەمراھى" ئۈزلۈكسىز تەشۋىق قىلىندى. مانا مۇشۇنداق مەھسۇلاتنى يالغان مەلۇم قىلىدىغان مۇبالىغىچىلىق كەيپىياتى ئىچىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 8-ئايدا بېيدەيخېدا كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ 1958-يىللىق پولات مەھسۇلاتىنى 1957-يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، 10مىليون 700 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەملىك "ئومۇمىي خەلق پولات تاۋلاش ھەرىكىتى" دەرھال قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سانائەت، قاتناش، پوچتا-تېلېگراف، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىمۇ "ئومۇمىي خەلق كەڭ شۇغۇللىنىش" قانات يايدۇرۇلدى. بۇ خىل " پولاتنى تۇتقا قىلىش" باشلاپ بەرگەن بىر قاتار كەڭ شۇغۇللىنىش "چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش" ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، قارىسىغا قوماندانلىق قىلىش، مۇبالىغىچىلىق شاملى قاتارلىقلار ئاساسىي ئالامەت قىلىنغان "سول"لۇق خاتالىقنى ئېغىر دەرىجىدە يامرىتىپ، نورمال ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ئىنتايىن كۆپ ئادەم كۈچ ۋە بايلىقنى ئىسراپ قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋەتتى.

⑨ چيەن شۆسېن، 1911-يىلى تۇغۇلغان. جېجياڭ خاڭجۇدىن، 1935-يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان، 1955-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.1958-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مېخانىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، 7-ماشىنىسازلىق سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، دۆلەت مۇداپىئە پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ج ك پ 9-، 10-، 11-، 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، ئۇ جۇڭگونىڭ توشۇغۇچى راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، سۈنئىي ھەمراھلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈش ۋە سىناق قىلىش خىزمەتلىرىگە تەشكىللاتچىلىق قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، جۇڭگونىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

www.uyghurkitap.com

⑩ لى سىگۇاڭ (1889 — 1971)، خۇبېي خۇاڭگاڭدىن، ياش ۋاقتىدا ياپونىيە،ئەنگلىيەدە ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپتە پروفېسسور، مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. 1948-يىلى ياۋروپاغا بارغان. 1949-يىلى قايتىپ كەلگەن. 1958-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى قەدىمكى جانلىقلار تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ج ك پ 9-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ئۆمۈر بويى قەدىمكى جانلىقشۇناسلىق، مۇزشۇناسلىق، سېيسمولوگىيە ۋە گېئومېخانىكا تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان، گېئومېخانىكىنىڭ ئىجادچىسى، جۇڭگونىڭ نېفىت چارلاش-تەكشۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

⑪ چيەن سەنچياڭ (1913 — 1992)، ئەسلى يۇرتى جېجياڭنىڭ ۋۇشىڭ (ھازىرقى خۇجۇ) دېگەن يېرىدىن، شاۋشىڭدا تۇغۇلغان. 1937-يىلى فرانسىيەگە بېرىپ ئوقۇغان. 1948-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. 1954-يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، 2-ماشىنىسازلىق سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جۇڭگونىڭ ئاتوم ئېنېرگىيە پەن ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە "ئىككى بومبا"نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش جەھەتتە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

⑫ 6-ئومۇمىي يىغىن 1986-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان ج ك پ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىنى كۆرسىتىدۇ. يىغىندا«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللانغان. مەزكۇر قارارنىڭ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقىتتا، دېڭ شياۋپىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلغان، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدىكى «پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»گە قارالسۇن.

# شەھەر-يېزىلارنىڭ ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرالغۇ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى

خۇ جىيې

تۇرالغۇ ئۆي خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق لازىمەتلىكلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىنى قانداق ياخشىلاش كۆندىن كۆنگە گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-قېتىملىق يىغىنىدا تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاش مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى تاۋارلاشتۇرۇشنى پائال يولغا قويۇپ، شەھەر-بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرگە مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى، قۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى، تەقسىم قىلىش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، شەھەر-بازارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1979-يىلدىن 1992-يىلغىچە بولغان 14يىلدا مەملىكەت بويىچە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 411 مىليارد 120 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ ئوتتۇرىچە 30 يىلدىكىسىنىڭ 11.1 ھەسسىسىگە تەڭ؛ يېڭى سېلىنغان ئۆي- جاي 1مىليارد 780 مىليون كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىچە 30 يىلدىكىسىنىڭ 3.3 ھەسسىسىگە تەڭ؛ كۆلىمى 50 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان 4000 دىن كۆپرەك ئولتۇراق رايونى سېلىندى ھەمدە 160 مىليون كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خەتەرلىك كونا ئۆيلەر چېقىپ يېڭىلاپ سېلىنىپ، 30 مىليوندىن كۆپرەك ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈلدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي ھەجمى 1978-يىلدىكى 3.6 كۋادرات مېتىردىن 1992-يىلدىكى 7.3 كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، تۇرمۇشى خېلى ياخشىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆي سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1979-يىلغىچە، مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا جەمئىي 8 مىليارد 600 مىليون كۋادرات مېتىرغا يېقىن ئۆي -جاي سېلىندى، بۇ ئوتتۇرىچە 30 يىلدىكىسىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە تەڭ ، مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر دېھقانغا توغراكېلىدىغان ئۆي قۇرۇلۇش ھەجمى 1978-يىلدىكى 10.7 كۋادرات

www.uyghurkitap.com

مېتردىن 1992-يىلدىكى 20.86 كۋادرات مېترغا يەتكۈزۈلدى؛ ئۆيلەرنىڭ سۈپىتى يەنىمۇ ئۆلگىرىلىگەن هالدا ئۆستۈرۈلۈپ، قەۋەتلىك بىنالارنىڭ يېڭى سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي جەمئىيتە ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلسېرى ئېشىپ، 1992-يىلى 41.44%نى ئىگىلىدى. شەھەر-يېزىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ پىلانلىنىش، لايىھىلىنىش سۈپىتى ۋە مۇھىتنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ياخشىلاندى.

هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەتلەر ۋە قۇرۇلۇشنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆي-جاي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، ئۆي بىلەن ئۇنۇملۇك تەمىنلەشنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەنلىكتىن، ئۆي-جاي قۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش سۈپىتى، ئىشلىتىلىش ئىقتىدارى، ئۆي ئىچى ئەسلىھەلىرى هەتتا سىرتىنىڭ مۇهىت قۇرۇلۇشلىرىغىچە زور دەرىجىدە ياخشىلاندى ۋە ئۆستۈرۈلدى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى دۆلەت پەن-تېخنىكا كومىتېتى ۋە دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ قوللىشى بىلەن، جىنەننىڭ يەنزىشەن، تيەنجىندىكى چۆەنفۇ يېڭى كەنتى، ۋۇشىدىكى چىنيۇەن يېڭى كەنتىدە شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ رايونى قۇرۇلۇشى بويىچە تۇنجى تەجرىبە سىناق نۇقتىسى خىزمىتىنى باشلاپ، 1988-يىلى ۋە 1989-يىلى كەينى-كەينىدىن پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئەمەلىيەت پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، ئۇنىۋېرسال ئېچىش، يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇش ۋە ئېنېرگىيە تېجەش، يەر تېجەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، ئىلمىي باشقۇرغاندا، پۈتۈش قىممىتى ئېشىپ كەتمەسلىك ياكى ئازراق ئېشىپ كېتىش شەرتى ئاستىدا تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك هەل قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك يولى تېپىلىپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا هاللىق نىشانغا يېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەقىيەت يولى هازىرلاپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى شەھەرلەردىكى تەجرىبە تۇرالغۇ رايونى قۇرۇلۇشى بويىچە سىناق نۇقتىلىرىنى مۇددەت ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈپ داۋاملىق كېڭەيتتى. هازىر مەملىكەت بويىچە سىناق نۇقتىسى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى سىناق نۇقتىسى رايونى جەمئىي 49 بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون كۋادرات مېترغا يېتىدۇ، بۇلار چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنى ۋە هاۋا كىلىماتى ئوخشاش بولمىغان شۇنىڭدەك تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 25 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرگە تارالغان بولۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد تۇرالغۇ ئۆي سېلىش تەجرىبىسى ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە ئىزدىنىش بولۇپ هېسابلىنىدۇ. هەر قايسى ئۆلكە، شەهەر، ناهىيىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدىكى سىناق نۇقتىلىرى بويىچە خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇپ، شەھەرلەردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈشنى ئۇنۇملۇك هالدا ئىلگىرى سۈردى.

مەملىكىتىمىزنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا نۇرغۇن ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆينىڭ جىددىي بولۇشىدەك زىددىيەت تۈپتىن پەسەيگىنى يوق. هازىر مەملىكەت بويىچە شەھەر قىلىپ تەستىقلانغان شەھەرلەردىلا ئۆي يوق ۋە ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىدىن 4 مىليون 400 مىڭى بار، ئۇنىڭدىن باشقا 33 مىليون 260 مىڭ كۋادرات مېتر خەتەرلىك ئۆي، ئازادلىقتىن ئىلگىرى سېلىنغان 500 مىليون كۋادرات

مېترغا يېقىن ئۆي ۋە 50-، 60-يىللاردا سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەر تېزدىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشى بولماسلىقىدىن، رايونلار ۋە ئىدارىلەر ئارا ئۆيگە ئىگە بولۇش سەۋىيىسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1992-يىلى مەملىكەت بويىچە 517 شەھەر ئىچىدە، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىردىن ئاشقان شەھەرلەر 54، ئەڭ يۇقىرىسى 19.8 كۋادرات مېترغا يەتكەن، ئەمما كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى ئالتە كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن شەھەرلەردىن يەنە 62سى بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئۈچ كۋادرات مېتىردىنلا توغرا كېلىدۇ. يېزىلاردىكى ئۆيلەردىمۇ پىلانلىنىش، لايىھەلىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى بولماسلىق، ئاساسلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت، يەنە دېھقانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كونا ئۆيلەردە بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرنى يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

2000-يىلغا بارغاندا، بىزنىڭ نىشانىمىز مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمىنى سەككىز كۋادرات مېترغا، ئۆيلەرنىڭ يۈرۈشلىشىش نىسبىتىنى %70 ئەتراپىغا يەتكۈزۈش؛ يېزا-كەنت ئاھالىلىرىدە ھەربىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشالايدىغان بىردىن ئەپچىل، پاكىز، ئىخچام قورۇ-جايى بولۇش كېرەك. دېمەك، بۇندىن كېيىنكى سەككىز يىلدا مەملىكەت بويىچە شەھەر-بازارلاردا يىگىدىن 1مىليارد 350مىليون كۋادرات مېتىر ئۆي-جاي سېلىشقا، يېزىلاردا يىگىدىن 5مىليارد كۋادرات مېتىر ئۆي-جاي سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دېمەك، مەملىكەت بويىچە شەھەر-يېزىلاردا بۇندىن كېيىن ھەر يىلى يىگىدىن 800 مىليون كۋادرات مېترغا يېقىن ئۆي سېلىنىشى كېرەك، دېگەن سۆز، ۋەزىپە تولىمۇ مۈشكۈل. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك:

**ئۆي-جايغا بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.** يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆي-جاي ئىشلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاقتىدا يېتىشىپ ماڭالمىغانلىقتىن، تەرەققىيات جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. بۇنىڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، ئۆي-جاي ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىدى، قۇرۇلۇش مەبلىغى باغچىلىق داچا، ئىستىراھەت كەنتلىرى، ئالىي يۈرۈشلۈك ياتاق بىنالىرى، ئالىي مېھمانخانا، ئىشخانا بىناسى شۇنىڭدەك ئات بەيگە مەيدانى، گولف توپ مەيدانى قاتارلىق ئالىي، يۇقىرى ئىستېمال تۈرلىرىگە ئېغىپ كەتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشكە دائىر زور تەدبىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ «ئۆي-جاي بازىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆي-جاي كەسپىنىڭ ساغلام، داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆي-جاي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، شەھەر-بازارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئۆي ئىشىنى ھەل قىلىش

www.uyghurkitap.com

قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بەزى كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىز بۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاشنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ، خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە نىشانلىق باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈپ، قاتلاملار بويىچە ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، شەھەر-بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ لايىقىدا ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مەبلەغ يولىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.** مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمىنى سەككىز كۋادرات مېترغا يەتكۈزۈش ھەمدە ياخشى تۇرالغۇ مۇھىتقا ئىگە بولۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھالقا قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر كۆپ يول، كۆپ قاتلام بويىچە مەبلەغ جەملەپ، مەبلەغ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆي سېلىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ مەبلەغ توپلاپ ئۆي سېلىشقا، ھەمكارلىشىپ ئۆي سېلىشقا ۋە باشقا شەخسلەرنى تەشكىللىك ئۆي سېلىشقا پائال تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى كونا-يېڭى ئۆيلەرنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىپ، شەخسلەرنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغىنىڭ نىسبىتىنى تەدرىجى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش يولىنى راۋانلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىستېمال مەبلىغى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، كارخانىلارنىڭ مۇقىم ئۆي قۇرۇلۇشى مەبلەغ مەنبەسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يەنە ھەرقايسى جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆي-جاي تەرەققىيات فوندى قۇرۇپ ياكى ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەخسۇس مەبلەغ سېلىش شىركىتىنى قۇرۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن كەلگەن ئۆي قۇرۇلۇشى مەبلىغى ياكى مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇلنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ ھەمدە جامائەت فوندى قۇرۇش ئارقىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى قەرز چېكى تارقىتىش، ئۆي قۇرۇلۇشى ئامانىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەھاكازالار بىلەن ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلەتسە بولىدۇ.

**ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۆي قىيىنچىلىقى، خەتەرلىك ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.** 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، بىز ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىنى ھەل قىلىش ۋە خەتەرلىك كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئىشىغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ كەڭ شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە چېتىشلىق مۇھىم خىزمەت بولۇپ، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى ئاشۇرۇشتا، ئىنچ-ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ،

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەققىي ئۈنۈملۈك سىياسەت-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى رەھبەرلىكى بولغان، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇرۇپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر-بازارلىرىدا ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى مۈشكۈل. شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدە ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن سىرت يەنە ھەر يىلى 400 مىڭدىن كۆپرەك ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلە كۆپىيىپ بارماقتا، ھازىردىن باشلاپ 2000-يىلغىچە 9 مىليونغا يېقىن ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىندا، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بىلەن مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «شەھەر-بازارلاردىكى ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى ھەمدە «شەھەر-بازارلاردىكى ئاز پايدا ئۆيى قۇرۇلۇشى، ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى»نى تۈزۈپ چىقىپ، كىرىمى ئوخشاش بولمىغان ئائىلىلەرگە ئوخشاش بولمىغان ئۆي سىياسىتى قوللىنىپ، ئۆينىڭ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان يوللار بىلەن تەمىنلەپ، سىياسىي جەھەتتىكى "ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش"، "داش قازاننىڭ تامىقىغا بېقىنىش" ئىللەتلىرىنى يېڭىشنى تەلەپ قىلدى. بەزى رايونلار يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى تېپىپ چىقتى، بۇلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ كېڭەيتىش كېرەك. ئاددىي ئائىلە ئۆيلىرىنى سېلىش قۇرۇلۇشىغا ئىلھام بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاز پايدا ئۆيى ، ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە كەپە ئۆي، خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىپ سېلىش قۇرۇلۇشلىرىغا قارىتا، قۇرۇلۇش پىلانلاش، يەر بىلەن تەمىنلەش، پىلانلاش-لايىھىلەش، مەبلەغنى ئورۇنلاشتۇرۇش، باج ئېلىش ۋە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق ئېتىبار بېرىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى رايونلار كونا شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش جەريانىدا بىر تۈركۈم خەتەرلىك-كونا ئۆيلەرنى ۋە كونا كەپە ئۆي رايونلىرىنى چېقىپ ئاھالىسىنى كۆچۈردى، ھەرقايسى جايلار ئۈنۈملۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

**ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** شەھەر-بازارلاردىكى ئۆي قۇرۇلۇشىدا "بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆي قۇرۇلۇشىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شەھەر-بازارلاردىكى ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلىش نىسبىتىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %50 كە يەتكۈزۈش، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە %80كە يەتكۈزۈش كېرەك. خەتەرلىك ئۆيلەرنى ۋە كەپە ئۆي رايونلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئىشىنى بىر تۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەر جاينىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي

قىلدۇرۇش بىلەن ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. سوپەت ۋە سەۋىيىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، خېرىدار چاقىرىش ۋە خېرىدار بولۇشنى يولغا قويۇپ، ئۆي-جاي تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئۇنى لايىھىلەيدىغان ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قۇرۇلۇشقا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىپ، پىلانلاش-لايىھىلەش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش سۈپىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئۆي قۇرۇلۇشىدىكى ھەر بىر ھالقىلىق ئۆتكەلنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. ئۆيلەرنىڭ لايىھىلىنىش سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆلچەملىك بولۇش، خىلمۇ خىل بولۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، "ھاللىق ئۆي قۇرۇلۇشى"، تۈرلۈك ئۆي رايونى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى سىناق نۇقتا خىزمىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. قىسقىسى، بىز شەھەر-بازارلارنى ئۆي بىلەن ئۇنۇملۈك تەمىنلەشنى كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆيلەرنىڭ لايىھىلىنىشى، قۇرۇلۇش سۈپىتى، ئىشلىتىلىش رولى، ئۆي ئىچى ئەسلىھەلىرىدىن تاكى مۇھىتىغىچە بىرى بىرىبالداق ئۆرلەپ، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي شارائىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك.

**كەنت-بازارلارنى پىلانلاپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەنت-بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.** ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا ئۆي سېلىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. ئەمما پىلان ئاستا بولۇش، پىلانلاش ئەتراپلىق بولماسلىق، قۇرۇلۇشنى پىلان بويىچە قىلماسلىق، قۇرۇلۇش قىلغاندا چېرتيوژغا ئاساسلانماسلىق، ئۆيلەرنى بىرخىللا سېلىش، تەكشىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولماسلىق، ئىشلىتىلىش رولى تۆۋەن بولۇش، كېلەڭسىز، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال بولۇشتەك مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. شۇڭا ئۇچۇن، كەنت-بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت-بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پائال قۇرۇپ، كەنت-بازارلارنى پىلانلاش، قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، قۇرۇلۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇچۇر ئىگىلەش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، تىجارەت بىلەن مۇلازىمەتنى بىر گەۋدە قىلىپ، تۈرلۈك-ئۆي باشقۇرۇشنى مۇلازىمەتكە سىڭدۈرۈش كېرەك؛ كەنت-بازارلاردىكى قۇرۇلۇش پىلانىدا ئىجازەتنامە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاۋۋال پىلانلاش، ئاندىن كېيىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ كەنت-بازارلاردا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، "بىر تۇتاش تەشكىللەش، ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش" ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ كەنت-بازارلاردىكى ئۆيلەرنى لايىھىلەشتە "ئىخچام بولۇش، مۇۋاپىق بولۇش، يارامىلىق بولۇش، پاكىز بولۇش، بىخەتەر بولۇش" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پايدىلىنىش رولىنى ئىرىشىپ ياخشىلاپ، كەنت-بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممە قوبۇل قىلالايدىغان لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە كېڭەيتىش ئىشلىرىنى داۋاملىق تەشكىللەش كېرەك؛ ئېنېرگىيە تېجەش قاتارلىق يارامىلىق تېخنىكىلارنى ۋە ئالدىن كۆچلەندۈرۈلگەن ئۇششاق دېتال قاتارلىق يېڭى قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى پائال كېڭەيتىپ، كەنت-بازارلارنىڭ

پىلانلىنىش ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ لايىھەلىنىشىنى، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

**شەھەر-بازارلارنىڭ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىدىغان يېڭى مېخانىزمىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.** شەھەر-بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا ئىلگىرىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ تۈزۈلمىسى، قۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، قۇرۇلۇش مەبلىغى مەنبەسىنى كۆپ تەرەپتىن ئېچىش، ئۆي بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيى قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توغرا يول تېپىلدى. بۇندىن كېيىن شەھەر-بازارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشتە، ئاساسلىقى، ئومۇمنىڭ ئىلكىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى مۇۋاپىق تەڭشەش ئارقىلىق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئومۇمنىڭ ئۆيىنى سېتىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، يېڭى ئۆيلەرگە قارىتا يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇش، شەخسلەرنى ئۆي سېلىشقا ۋە مەبلەغ توپلاپ ئۆي سېلىشقا تەشكىللەش، ھەمكارلىشىپ ئۆي سېلىپ، تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، كىرىم سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ ھەمدە تۇرالغۇ ئۆي فوندى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۆي پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى بويىچە قۇرۇلۇشقا كىرىشىش ۋە پۈتتۈرۈش جەھەتتە تەدرىجىي ھالدا ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

(ئاپتورى: قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: ياقۇپ مۇھەممەتروزى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى**

# ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

چېڭ ۋېيگاۋ

يولداش جياڭ زېمىن 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پائال ئىزدىنىش، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش، چەت ئەللەردىن ئۆگىنىش، ئۆز-ئۆزىنى توختىماي چېنىقتۇرۇش، كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلۇق-ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇش، ئومۇمىلىققا ئېتىبار بېرىش، تىرىشچان-ئىقتىسادچىل بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىش، خالىسانە تۆھپە قوشۇش — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يېڭى دەۋردە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە جارى قىلدۇرىدىغان ئىگىلىك يارىتىش روھىمىزغا ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك". يولداش جياڭ زېمىن تەشەببۇس قىلغان ئىگىلىك يارىتىش روھى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ ئىلمىي يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ مىللىي روھىمىزنى ۋە دەۋر روھىمىزنى نامايان قىلدى، يېڭى دەۋردە ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدە، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئىگىلىك يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ۋە بەكمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتى ئىگىلىك يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى
قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۇلۇغ ھەم
مۇشەققەتلىك ئىگىلىك، يارىتىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيىمىز يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىگىلىك
يارىتىش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى
ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى شەكىللەندۈردى، شۇنداقلا ئۇلۇغ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى يېتىلدۈردى.
يولداش جياڭ زېمىن يىغىنچاقلىغان يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى مەركەزلىك ھالدا

گەۋدىلەندۈرۈلگەن، يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھى مۇشۇ نەزەرىيە، لۇشيەن بىلەن ماھىيەت جەھەتتە بىردەك، مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بولمىسا، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىگىلىك يارىتىش روھىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى نەزەرىيە بىلەن لۇشيەننى كەڭ ئامما ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچى سۇبيېكتنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىش لازىم. دېمەك، ئاما ئارىسىدا يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تىكلىمەي تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىگىلىك يارىتىش روھى بىر نەزەرىيە، بىر لۇشيەننى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە مەدەتتۇر. يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىدە، بۇخىل ئىگىلىك يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشتا. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىنىڭ يادروسى ۋە جەۋھىرى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ بارلىق ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىمىز ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئاساس قىلغان. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىدا، ئۆگەنگۈدەك مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىمۇ يوق، پايدىلانغۇدەك تەييار قېلىپمۇ يوق، پەقەت ئۆزىمىزگە تايىنىپ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يول ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىزدىنىش جەريانى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدۇر؛ كەسكىن ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، پائال يول ئاچىدىغان ئىگىلىك يارىتىش ئىرادىسىنى تاۋلاش جەريانىدۇر. يېڭى دەۋردىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى ئىدىيىۋى لۇشيەن، كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، ئىدىيىۋى قىياپەت، خىزمەت ئىستىلى، روھىي دۇنيا، تەربىيىلىنىش ساپاسى، ئەخلاق-پەزىلەت قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بولسا پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى بولۇپ، يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ، يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. پەقەت ئېغىشماستىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى توغرىلاپ، ئىدىيىۋى قىياپەتنى يېڭىلاپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، روھىي دۇنيانى يۈكسەلدۈرۈپ، تەربىيىلىنىش ساپاسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق-پەزىلەتنى تاۋلىغاندىلا، ئاندىن ئېنىق يۆنىلىش ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ يادرو ۋە جەۋھەرنى مەھكەم تۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش يولىدىكى ئىزدىنىش داۋامىدا ئىگىلىك يارىتىش ئىرادىسىنى چىنىقتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئىدىيىنى ئازاد قىلىش دېگەنلىك ئىدىيىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، سۇبيېكتنى ئوبيېكتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، يەنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەنلىكتۇر." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما (1975 — 1982)»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 555 ـ بەت) بۇ خىل "ئۇيغۇنلاشتۇرۇش" كونكرېت تارىخىي

بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن بىلىشنىڭ چەكسىز ئايلىنىپ تەكرارلىنىش جەريانىدۇر. ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش توختاپ قالىدىكەن، ئىدىيىدە قاتماللىشىش ھالىتى كۆرۈلىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە، باشتىن-ئاخىر ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىدىيىۋى قاتماللىقنىڭ ئاسارىتىنى ئۈزلۈكسىز بۇزۇپ تاشلىشىمىز لازىم. ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتا، ئوخشاش بولمىغان ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

پىلانلىق ئىگىلىك كۆز قارىشىنىڭ ئاسارەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىدىيىۋى كۆز قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ھەرقانداق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي، تەنقىدىي بولۇپ، ئىدىيىۋى كۆز قاراش جەھەتتە چوڭقۇر بىر ئىنقىلابنىڭ بولۇشىنى جەزمەن تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىمىز ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرتىدىغان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىدىغان ئەمەلىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قاراش جەھەتتىكى ئۆزگەرتىشكە بولغان تەلىپى تېخىمۇ كۈچلۈك. ھازىرقى گەپ، بىرمۇنچە ئادەملەر ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدىكى پىكىر قىلىش يولى ۋە تىرىكچىلىك يولىدا مېڭىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت يولىنى ئۆزگەرتىشكە كەلگەندە، ھەمىشە قاملاشمىغاندەك، بىر قىسما بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. مۇنداق قىلىپ، ئۇنداق رامكىلارنىڭ بوغۇشى نەتىجىسىدە قىمىرلىيالماي قالىدۇ. كۆپلىگەن يولداشلار ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆزقارىشىنى يېڭىلاش جەھەتتە، ھېچقانداق مەسىلە يوقتەك، گەپنى ئوبدان قىلىدۇ، لېكىن خىزمەتتە كونكرېت زىددىيەتكە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى قاتمۇقات زىددىيەتكە يولۇققاندا، كۆپىنچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى پىكىر قىلىش يولى بويىچە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇلاشتۇرۇش جەھەتتىن ئامال تاپماستىن، ئەكسىچە، ئاڭلىق-ئاڭسىز ھالدا يەنىلا كونا يولغا قايتىپ، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك كۆز قارىشى ۋە ئۇسۇلى بىلەن مەسىلىنى كۆزىتەمەكچى، ھەل قىلماقچى بولىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىرقاتار كونا كۆز قاراشلارنى يېڭىلاشتا، ئابستراكت ھالدا قۇرۇق گەپ قىلماستىن، بەلكى ئۇنى كونكرېت ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، ئۇ بىزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى ھەر بىر كونكرېت خىزمەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىيىتىمىزدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ نۆۋەتتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتىكى جىددىي ھەم مۇھىم بىر ۋەزىپىدۇر.

توغرا خېيىم-خەتەر ئېڭىنى تىكلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە باتۇرلۇق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىسلاھات يارتىش لازىم. ئىسلاھات يارتىش دېگەنلىك ئادەم ئاياغ باسمىغان جايلاردا يول ئېچىش دېگەنلىكتۇر. كونىلارمۇ ئوبرازلاشتۇرۇپ: "ئاچماق بولساڭ داغدام يول، تاغ يارغۇچى باتۇر بول" دەپ ئېيتقان ئەمەسمۇ. ئىسلاھات يارتىشتا "ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى"، "ئويلىغاننىڭ ھەممىسى ئىشقا ئېشىشى" ناتايىن. قىيىنچىلىقلار قەدەممۇ قەدەم بىر ئۇچراپ، خېيىم-خەتەرلەر كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان گەپ. ئوبدان بولماي قالسا، ھەتتا مەغلۇب بولىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشتا، ھەم خېيىم-خەتەردىن

قورقماي، خەتەرلىك ئىشلارنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم، ھەم ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇپ، خېيىم-خەتەرنى تىزگىنلەشكە، خېيىم-خەتەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. رېئال تۇرمۇشتا، بەزى كىشىلەرنىڭ خېيىم-خەتەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىدە ئىككى خىل بىر تەرەپلىمىلىك، ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قارىغۇلۇق مەۋجۇد. بىرى، خەتەرلىك ئىشلارنى زىممىسىگە ئېلىشتىن قورقۇش. ئۇلار پۇختا بولۇش دېگەننى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىپ، پۇختىلىقنى تەرەققىيات ئۈستىگە قويىدۇ، ئويلاشقا تېگىشلىكلەرنى ئويلاشقا، ئىشلەشكە تېگىشلىكلەرنى ئىشلەشكە، بۆسۈشكە تېگىشلىكلەرنى بۆسۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئىككى كۆزىنى يۇقىرىنىغا تىكىپ، "ساقلاپ تۇرماقچى، تايانماقچى، ئالماقچى" بولىدۇ، ھەتتا ئىشتا يۇقىرىنىڭ پرىنسىپ تۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، پرىنسىپقا ئىگە بولغاندىن كېيىن يەنە سىياسەت بەلگىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، سىياسەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن يەنە تەپسىلىي پرىنسىپ تۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتا تەپسىلىي پرىنسىپقا ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە يۇقىرىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرى گەپ قىلمىسا، بىر قەدەم مېڭىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى يۇقىرىدىن قەدەم تاشلاشنى ئېيتسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئوڭ-سولغا نەزەر سېلىپ، ئىككى تەرەپىدىكىلەرنىڭ ماڭغان-ماڭمىغانلىقىغا قارايدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ مېڭىش-ماڭماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بىز ئىش بېجىرىشتە پۇختا بولمىسىمۇ بولىدۇ دېمەكچى ئەمەسمىز. تەدبىر بەلگىلەشتە ھەرقانداق ۋاقىتتا خېيىم-خەتەرنىڭ ئەڭ ئاز، ئۈنۈمىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، لېكىن پۇختا بولۇشنى دەپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا، تەرەققىياتنى قۇربان قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، خېيىم-خەتەرگە قارىماسلىق. بەزى يولداشلار تەدبىر بەلگىلىگەندە، قولىدا زۆرۈر ئىلمىي ئاساس بولمىسىمۇ، شامال قوغلىشىپ، دولقۇنغا ئەگىشىدۇ، باشقىلار تەرەققىيات رايونى قۇرسا، ئۇمۇ بىر پارچە يەرنى قاشالاپ قويىدۇ، باشقىلار بازار ئاچسا، ئۇمۇ بىرمۇنچە ئۆيلەرنى سالىدۇ، ئۆزىنىڭ شارائىتىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ھەرگىز ھېسابلاشمايدۇ، تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە ئۈنۈمى ئۈستىدىمۇ ھەرگىز ئالدىن مۆلچەرلەپ كۆرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ناھايىتى جاسارەتلىك، خېيىم-خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئوبيېكتىپ مەۋجۇد خېيىم-خەتەرگە نىسبەتەن ئىلمىي تەھلىلنىڭ كەملىكى بولۇپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا تېگىشلىك بولمىغان زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىككى خىل بىر تەرەپلىمىلىك قارىماققا بىربىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئىككىلىسىدە خېيىم-خەتەر ئۈستىدە توغرا تەھلىل يۈرگۈزگىلى ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ، بۇلار ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا خىلاپ . بىز ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەكىتلىگەندە، ستراتېگىيىدە قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرنى كۆزگە ئىلماي، تاكتىكىدا قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرگە ئېتىبار بىلەن قاراپ ئەڭ ئاز بەدەل ئارقىلىق ئەڭ زور پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

ئىگىلىك يارىتىش جەريانىدىكى نەتىجە ۋە ئىلگىرىلەشلەرگە دىئالېكتىك مۇئامىلە قىلىپ، ئىگىلىك يارىتىش روھىنى بوشاشماستىن جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر نەتىجىمىز ۋە ئىلگىرىلەشلىرىمىز، پەقەت كېيىنكى نىشانغا قاراپ ئالغا بېسىشىمىزنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدىنلا ئىبارەت. بەزى يولداشلار نەتىجە ئالدىدا ۋە ئاپىرىن سادالىرى ئىچىدە ئانچە سەگەك تۇرالماي، "ئازراق ئىلگىرىلەپ قويۇپلا خاتىرجەم بولىدۇ، ئوتتۇراھال ئىلگىرىلىسە مەمنۇن بولۇپ كېتىدۇ". بۇنداق ئۆز ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ۋە شۆكۈر قىلىش روھىي ھالىتى ماھىيەتتە ئالغا ئىنتىلىش روھى كەم بولغانلىقىنىڭ، يۈكسەك ئىرادە بولمىغانلىقىنىڭ، چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى، ئىگىلىك يارىتىشنى

www.uyghurkitap.com

خالمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. دېمەك، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنى ئۆز يۆنىلىشى بويىچىلا سېلىشتۇرىدىغان كىچىك زېمىننى بۇزۇش كېرەك. ئىلغار رايونلار بىلەن، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، مەغرۇرلۇق-ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتى ھەرىكەت ھالىتىدىكى بىر تەرەققىيات جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندا يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدۇ، بۇھال رەھبەرلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادچانلىقىنى بوشاشماستىن جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ جۇشقۇن ئىجادىي پائالىيىتىدىن ئىجادىي تەپەككۇر ئوزۇقلۇقى ئېلىپ، ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ھاياتىي ئىقتىدار ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەرىپى يېڭى مۆۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتىشتا. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى، كەڭ ئاممىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى مۆۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتىش كېرەك.

ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى مۆۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتىشتا، كەڭ كادىرلار ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي تايانچ كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك. يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق رەھبەرلەرنىڭ ئاممىنى يېتەكلەپ ئىگىلىك يارىتىشىدىكى تۈرتكىلىك كۈچ. مەسئۇلىيەتچانلىق ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن زىچ باغلانغان. مەسئۇلىيەتچانلىق ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تايانچ كادىرلار ئارىسىدا، بەزى يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئەمەس، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى يېتەرسىز، ئۇلار ھوقۇققا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەتتا ھوقۇقنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، قولىدىكى ھوقۇقنى شەخسىي نەپ ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ. بەزىلەر بىر جايدا خىزمەت قىلغاندا، ئاساسىي زېھنىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا قويماستىن، بەلكى تۈرلۈك ئامىللارنى قىلىپ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ، يېقىنچىلىق قىلىدۇ، يول ئىزدەپ، ئەمەلگە يۈگرەيدۇ، ئەمەل تەلەپ قىلىدۇ. بەزىلىرى خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر بولۇۋالغاندىن كېيىن، مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى، يەنە ئۆرلەشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇ ئەمەلدارلىق ئورۇندۇقىدا سۇنايلىنىپ يېتىۋالىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلىمايدۇ، راھەت-پاراغەتتە ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش كويىدا بولىدۇ. بۇنىڭدا نەدىمۇ ئازراق ئىگىلىك يارىتىش روھى بولسۇن؟ بۇنداق كادىرلار كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بىرىگىمۇ يول قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، بىز كادىر ئىشلىتىشتە پارتىيىۋىلىكنى، كادىر تاللاشتا نەتىجىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. سىياسىي نەتىجىسى ياخشى بولمىغانلارنى ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك، خىزمىتىنى ئىشلىمەي چاتاق سېلىپ، ئىشلارنى قالايمىقانلاشتۇرغانلارنىڭ جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە، ئېلىشىشقا، بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان، تىرىشىدىغان، جاپا-مۇشەققەتكە چىدايدىغان يولداشلارنى تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىپ، ئۇلارنى ئاممىنى يېتەكلەپ زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن

ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلارنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك ئۆلكە قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىشلەشكە قويۇش كېرەك.

ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن، سىياسەتنى ئىجادىي ھالدا ئىجرا قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. سىياسەت نەزەرىيە ۋە لۇشيەنىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدىكى ۋاستە، شۇنداقلا ئامىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشتىكى پىشاڭ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى خىلمۇ خىل، بىر ئۆلكىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ھەر قانداق بىر سىياسەت مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بىر خىل ماكرولۇق يېتەكلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ھەم قەتئىي بولۇش، ھەم روھىي ماھىيەتنى بىلىۋېلىش ئاساسىدا، ئۇنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي بولغا قويۇشقا بولىدىغان، شۇنداقلا ئۈنۈملۈك بولغان تەدبىر-ئۇسۇللارنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا «كېمىگە بەلگە سېلىپ خەنجەر ئىزدەش»كە، ئۆزىنى بوغۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىجادىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق، ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولسىلا، يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدە كونكرېت بەلگىلەنمىگەن ئىش بولسىمۇ، ئۆزىمىز كەسكىن تۈردە بەلگىلىسەك بولىۋېرىدۇ، باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى بىز دادىللىق بىلەن قىلىپ باقساق، يۈرەكلىك ھالدا سىناپ باقساق بولىۋېرىدۇ.

ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن، باش چۆكۈرۈپ ھەققىي تۇتۇش، ئەمەلىي ئىشلەش لازىم. ئەمەلىي ئىشلەش ئىگىلىك ياراتقۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت. قوشۇنىمىزدا ئەمەلىي ئىشلەشكە زىت بولغان تۈرلۈك يامان كەيپىياتلار تۈگىتىلىشى كېرەك. بەزىلەر ئاغزىدىلا دەپ قويۇپ مەشق قىلمايدۇ، سۆلەتۋازلىق، شەكىلۋازلىق قىلىدۇ، گۇررىدە ئىنكاس قوزغاپ، گېزىتكە چىقىشقا، تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ، ئەمما قىلغان ئىشىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ؛ بەزىلەر ئۇزاق مۇددەت جاپالىق كۈرەش قىلىش ئىدىيىۋى تەييارلىقى يېتەرسىز، كۈرەش ئىرادىسى كەم بولغانلىقتىن، قىيىنچىلىق ئالدىدا غۇدۇڭشىپ، رەھبەرلىكتىن ئاغرىنىدۇ، ئاممىدىن ئاغرىنىدۇ، شارائىتتىن ئاغرىنىدۇ، لېكىن باش چۆكۈرۈپ، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەشنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى خالىمايدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئەمدىلا ئازراق بېيىپ قالسىلا سۆلەتۋازلىق قىلىپ، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىپ، داۋاملىق ئىگىلىك يارىتىش دېگەننى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋېتىدۇ. ئىگىلىك يارىتىش ئۈزلۈكسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەريانى، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەت جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش جەريانى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتىدە، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك ئۆلكە قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ھەققىي تۇتۇش، ئەمەلىي ئىشلەشتە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىم. «تۇرىدۇكى ئاجرىماستىن تاغنى مەھكەم چىشلىگەن» دېگەندەك غەيرەت بىلەن ھەققىي تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىي كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەدبىرنى ئەمەلىي تۇتۇش، ئۈنۈمدە ئەمەلىيەتچىل بولۇش كېرەك. ئەمەلىي ئىشلەش جاپاغا چىداپ ئىشلەشتىن ئايرىلالمايدۇ، بىزنىڭ ئىگىلىك يارىتىشتىكى ئوبيېكتىپ ماددىي شارائىتىمىز ناچارراق، ھەر جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىمىز كۆپ، بۇھال بىزنىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىمىز، قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىشىمىز، ئىگىلمەي-سۇنماي، قانچە ئوڭۇشسىز بولسا شۇنچە تىرىشىشىمىز كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتا ئىقتىسادىي قانۇنىيەت

بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ ھەرقانداق ئۇسۇل پۇشايماننى ئېلىشقا قاچمۇ تاپالمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەسلىدە ئىشنى ئىشلەشتىكى نىيىتى ياخشى، شۇنداقلا قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، بىراق جاسارەت ۋە پاراسەتنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاخىرى قىلغان ئىشى ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالىدىغان بۇنداق ساۋاقلار ئاز ئەمەس، مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا دەسسەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇيەردىكى ھالقىلىق مەسىلە توغرا نىشانلاشتا. شۇنداق قىلغاندىلا سەۋەنلىكتىن خالى بولغىلى، ئىگىلىك يارىتىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىز ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى يادرو قىلغان ئىگىلىك يارىتىش روھىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك ئۆلكە قۇرۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەش دېگەن سۆزگە مەھكەم يېپىشىپ، ئىشلەش جەريانىدا خېبېينىڭ ئورنىغا ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك ئۆلكىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل سەلتەنەتلىك مەنزىرىنى سىزىپ چىقىشىمىز لازىم.

(ئاپتور: ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

..

**تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن رەھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر**

www.uyghurkitap.com

# «ھوقۇق-پۇل سودىسى» دېگەن كىتابنى كۆرۈشكە ئالدىراڭ

ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى قەتئىي يولغا قويۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەممىگە ئايان. جۇڭگودا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇۋاتقان چوڭ دولقۇندا، ئىقتىسادىي ساھەدىكى، ھەتتا پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئايرىم ئەمەلدارلار نەپسانىيەتچىلىك-ئاچكۆزلۈك قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەددى-ھېسابسىز پۇلىنى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىپ، ئەخلاق جەھەتتە بۇزۇلۇپ، چىرىكلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭدى.

چىرىكلىككە قارشى كۆرەشتە 1992-يىلىدىن بۇيان ئاشكارا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ۋە كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەر ئەدەبىي ئاخبارات تەرىقىسىدە ئەينەن بايان قىلىنغان بۇ كىتابتا، ئەنە شۇنداق "ھايانكەش ئەمەلدار"، "خىيانەتچى ئەمەلدار"، "پارىخور ئەمەلدار"، "پاھىشىۋاز ئەمەلدار"، "بيۇروكرات ئەمەلدار"لارنىڭ خەلقنىڭ قان-تەرىگە كەلگەن بايلىقىنى قانداقسىگە قاقتى-سوقتى قىلىپ چۆنتىكىگە سېلىپ، بۇزۇپ-چېچىپ، سەتەڭلەرگە خەجلەپ بەرگەنلىكى، قانداق پەسكەشلىك، رەزىللىكلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئاخىر قانداق ئاقىۋەتتە قالغانلىقى تەپسىلى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

بۇ كىتاب ماتېرىيالىنىڭ موللۇقى، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىقى، تىلىنىڭ جانلىق-ئاممىباپلىقى بىلەن كىتابخانلارنى قاتتىق قىزىقتۇرىدۇ.

مەزكۇر كىتاب 1994-يىل 1-پەسىلدە نەشردىن چىقىدۇ. تەخمىنىي باھاسى 6.50 يۈەن. كىتابخانلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تورۇشنى سورايمىز.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 国内统一刊号：CN11—2498
邮发代号：2—373 定价：0.95元 邮政编码：100013